# ھەدىس ئۇسۇلىدا راۋى ۋە رىجال تەنقىدىنىڭ تېئولوگىيەلىك ئاساسلىرى

## ئاساسى مەزمۇن


بىز بۇ ماقالىدە تىلىمىزدا كۆپىنچە سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىۋاتقان «تەنقىد» سۆزىنىڭ ھەدىس ئۇسۇلىدىكى ئىشلىتىلىشى بولغان «رىجال تەنقىدى (ھەدىس راۋىلىرىنى تەنقىد قىلىش)» ئىلمىنىڭ دىنىي ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلدۇق. ئەسلىدە مۇسۇلمانلار تەنقىد ئۇسۇلىنى دەسلەپكى دەۋرىدىلا ئىشلىتىشكە باشلىغان ئىدى. بولۇپمۇ قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە تەنقىدنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى ساھابىلەرگە كۆرسەتكەن ۋە بۇ توغرىدا دەرس بەرگەن ئىدى. ئايەتلەردە بولسۇن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس ۋە سۈننەتلىرىدە بولسۇن بەك كۆپ مەقسەتلەرنىڭ تەنقىدىي يوسۇندا يۇرۇتۇلغانلىقى سابىتتۇر. ھەتتا قۇرئان كەرىمدە رەسۇلۇللاھنىڭ ياكى ساھابىلەرنىڭ بەزى ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ تەنقىد قىلىنغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىنىڭ تەنقىدتە ھېچبىر زامان ھەققانىيەتتىن ئايرىلمىغانلىقى مەلۇم. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە كۆپ يەردە مۇشرىكلارنى، كاپىرلارنى، مۇناپىقلارنى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنى ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك قىلىقلىرى سەۋەبلىك تەنقىدلىگەن. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا بۇ تەنقىد قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ناھايىتى چىرايلىق بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويغان.

كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا ساھابىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە بۇ تەنقىد ئېڭىنى ئەڭ گۈزەل ئۇسۇلدا راۋاجلاندۇرغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. ھەدىس تارىخىدا بولۇپمۇ ھىجرى بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان «پىتنە» زامانى ئارقىسىدا، ھەدىس رىۋايەتلىرىدە مەجبۇرى بىر ھالەتكە كەلگەن سەنەد-ئىسناد قوللىنىش ۋاستىسى بىلەن «رىجال تەنقىدى» ئۇسۇللىرىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىغان. مۇشۇ تەرزدە ھەدىس ئىلمى بىلەن باشلانغان بۇ رىجال تەنقىدى يەنە ئوخشاش ساھەدە «جەرھ ۋە تەئدىل ئىلمى» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ساھابىلەرنىڭ سىرتىدا رەسۇلۇللاھتىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشىلەردىن ھېچكىم بۇ تەنقىدتىن ساق قالمىغان. ساھابىلەر بولسا «ئادالەت» جەھەتتىن ئەمەس «زەبت(ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى)» تەرىپىدىن بىر-بىرىنى تەنقىد قىلغان. دۇنيادا ھەدىس تارىخىدا ئىشلىتىلگەن بۇ تەنقىد ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشىشىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

كۈنىمىزدىكى بىز مۇسۇلمانلارمۇ ئىسلام تارىخىدا بەك گۈزەل بىر شەكىلدە ئىشلىتىلگەن بۇ تەنقىد ئېڭىغا ھەر زاماندىكىدىن تېخىمۇ بەكرەك مۇھتاجمىز. ئىسلام ئۈممىتىنى قايتىدىن بۇرۇنقى ھەيۋەتلىك زامانلىرىدىكىگە ئوخشاش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدىغان ئەسلى روھنىڭ مۇشۇ تەنقىدىي قاراش نۇقتىسىنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تارىختا تېخىمۇ كۆپ ئەھلى رەئيى تەرىپىدىن ئورۇندالغان ھەم دەلىللەرگە ھەمدە ئەقىلگە كېرەكلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن ھەنەفىي-ماتۇرىدىي يولىغا ئەگىشىشنىڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.



ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:راۋىي، تەنقىد، ئېلىشتۇرۇش چۈشەنچىسى، ساھابە، ئەھلى رەئيى.



ئاپتورى: پروفېسسور دوكتور بەكىر تاتلىق          ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: دوكتورانت تۇرغۇنجان ھەدىسچى.

## كىرىش سۆز

### ئا. راۋىي

«رىۋايەت قىلغۇچى-نەقىل قىلغۇچى» ئۇقۇمىدىكى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىش مۇمكىن بولغان «راۋىي» كەلىمىسىنىڭ ھەدىس ئۇسۇلى ئىلمىدىكى ئۇقۇمى – پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان سۆز، ئىش-ھەرىكەت ۋە ياكى تەستىقلاش تۈرىدىكى مەلۇماتنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا نەقىل قىلغان كىشى دېگەن بولىدۇ. دائىرىسى بىرئاز كېڭەيتىلىپ پەقەت رەسۇلۇللاھتىنلا ئەمەس، ساھابە ۋە تابىئىنلارغا ئائىت سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى نەقىل قىلغان كىشىلەر ئۈچۈنمۇ بۇ كەلىمىلەرنىڭ قوللىنىلىشى مۇمكىندۇر. بۇ ئۇقۇمدا تارىختا كېلىپ كەتكەن ھەرقانداق بىرىدىن مەلۇمات نەقىل قىلغان كىشىلەردىن بەكرەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن بىلىملەر نەقىل قىلغان كىشىلەرگە راۋىي دېيىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھتىن بىر نەرسە نەقىل قىلىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم ۋە پەزىلەتلىك بىر ئىش بولغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئېيتىش مۇمكىندۇر. ھەقىقەتەن بىر شائىر ھەدىس راۋىيلىرىنى مۇنداق دەپ مەدھىيەلىگەن:

مِدَادُ ٱلْفَقِيهِ عَلَى ثَوْبِه أَحَبُّ الَيْنَا مِنَ الغَالِيَة          ومَنْ طَلَبَ ٱلفِقْهَ ثُم الحَدِيثَ فَإِنَّ لَه همةً عَالِيَة

وَلَوْ تَشْتَرِي النَّاسُ هَذِي الْعُلُومَ بِأَرْوَاحِهِم لَمْ تَكُنْ غَالِيَة          رُوَاةُ ٱلْأَحَادِيثِ فعَصْرنَا نُجومٌ وَفِي ٱلْأَعْصُرِ ٱلْخَالِيَة

فەقىھنىڭ تونىدىكى رەڭ بىزگە گۈھەردىنىمۇ سۆيۈملۈكتۇر.

كىمىكى فىقھىدىن كېيىن ھەدىس ئۆگەنسە، ئۇنىڭ غەيرىتى ئۈستۈندۇر.

ئىنسانلار جانلىرى بەدىلىگە بۇ ئىلىمنى سېتىۋالسىمۇ قىممەت ئەمەستۇر.

ئەسرىمىزدىكى ھەدىس راۋىيلىرى ئۆتكەن ئەسىرلەردىكى يۇلتۇزلار كەبىدۇر.[1]

ھەر قانچە ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ كۆپلىگەن مەلۇماتلىرى، پەتىۋالىرى قاتارلىقلارنى ۋە شۇنىڭدەك بۇرۇنقىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزگەنلەرگىمۇ «راۋىي» دېيىلىشى مۇمكىن ۋە رىئاللىق بولسىمۇ؛ ئەسلىدە «نەقىل قىلىنىغان شەيئىنىڭ تۈرى نۇقتىسىدىن» ھەربىر ئىشنىڭ مەركىزىدە رەسۇلۇللاھنىڭ بولغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم. چۈنكى كېيىنكى نەسىللەر ئۈچۈن ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ قىممىتى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئالغان تەربىيەسىنىڭ بىر شەكلىدە رەسۇلۇللاھقا باغلىنىشلىق بولغانلىقىدىن كېلىپ چىقماقتا. يەنى ساھابىلەرنىڭ بولۇپمۇ دىنى-ئەخلاق مەسىلىلەردىكى سۆز ۋە

---

[1] جەزائىرى، *تەۋجىھۇل ئەنسار ئىلا ئۇسۇلىل ئەسەر*، 2، 791- بەت. ھەدىس راۋىيلىرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە، باشقا راھۇرمۇزى ئەلمۇھەددىسۇل فاسىل بەينەرراۋىي ۋە ئەلۋاسىي، 163-174-بەتلىرىگە قارالسۇن.

ئىش-ھەرىكەتلىرى بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكتۇر. چۈنكى ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىپ دۇنيادا نام ئالغان. يەنە بىر ئىپادە بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ تالىبلىرى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن كىشىلەردۇر. بۇ نۇقتىدىن ئۇلارنىڭ سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تەسىرى بولمىغان دەپ ئويلاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇلاردىن كەلگەن بۇ تۈردىكى مەلۇماتلار كۆرۈنۈشتە «مەۋقۇف»[2] بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇلارمۇ «مەرفۇئ» بولۇش ئىمكانى ۋە ئېھتىمالى بار، دېيىشكە بولىدۇ. ماھىيەتتە ھەدىس ئۇسۇلىدا «ھۆكمەن مەرفۇئ»[3] ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغىنىمۇ مۇشۇدۇر. تابىئىنلارغا ئائىت مەلۇمەتلارمۇ شۇنداق. چۈنكى ئۇلارمۇ ساھابىلەرنىڭ قولىدا يېتىشكەن، ساھابى ئالىملاردىن بىۋاستە ئىلىم-ئېرپان تەھسىل قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلاردىن قىلىنغان نەقىللەردىمۇ ساھابىلەرنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ يېتىش مۇمكىندۇر. ئىمىلا بولمىسۇن تابىئىنلار زامانى ۋە كېيىنچە ئېقىم ھالىتىگە كەلگەن پۈتۈن فىقھى ۋە ئېتىقادىي مەزھەبلەرنىڭ ساھابىنىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرىدىن بىرىگە تايانغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇمدۇر. مەسىلەن: ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ھەنەفى مەزھىبى ئۈچۈن ئۆرنەك ئېلىنغان ساھابىلەر، بولۇپمۇ مۇجتەھىدلىك شەخسىيتى بىلەن ئالدىنقى قاتارغا چىققان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەلى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) كەبى ساھابىلەردۇر.[4] ھەتتا ئىمام ئەبۇ ھەنىفىمۇ راۋىيلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: (**ما جاء عن رسول الله صلى الله عليه و سلم فعلى الرأس و العين، و ما جاء عن أصحاب رسول الله صلى الله عليه و سلم إخترنا، و ما كان من غير ذلك فنحن رجال و هم رجال**) «رەسۇلۇللاھتىن يېتىپ كەلگەن شەيئىلەر بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، (يەنى ئۇنىڭغا قەتئىي ئەمەل قىلىمىز)، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن يېتىپ كەلگەنلىرىنىڭ كۈچلۈكرەك بولغىنىنى تاللىدۇق، ئۇلارنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارمۇ ئالىم بىزمۇ ئالىم!»[5]

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بۇ سۆزى بىلەن فىقھى ۋە مۇجتەھىتلىكى بىلەن تونۇلغان ساھابىلەرنىڭ قاراشلىرىنى، ئېتىبارلىرىنى يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە تەتبىقلىرىغا لەپزى ۋە شەكلى يېقىن بولغان ساھابىلەرنىڭ[6] قاراشلىرىنى ئالاھىدە كۈچلەندۈرۈپ تاللىغانلىقىنى ئوچۇقچە ئوتتۇرىغا قويغان. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مەزھىبىنىڭ فىقھى ۋە ئىجتىھادى بىلەن تونۇلغان ساھابىنى تاللىشى، ئەينى زاماندا ھەنەفى مەزھىبىدە «راۋىنىڭ پەقىھ بولۇش شەرتىنىڭ» پىرىنسىپ بولۇپ ئۆزلەشتۈرۈشىگە سەۋەپ بولغان ئىكەن. بىز بۇ تىمىنىڭ تەپسىلاتىغا كىرمەي ئىشارەت قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.[7] بىزنىڭ بۇ

---

[2] مەۋقۇف: ساھابىنىڭ سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى.

[3] مەرفۇئ ھەدىس دېگەن؛ رەسۇلۇللاھقا بىۋاستە نىسبەت بېرىلگەن ھەدىسدۇر.
Bkz. İbnü's-Salah, *Ulûmu'l-hadîs*, s. 120; Münâvî, *el-Yevâkît ve'd-dürer*, II, 182-185; Âlu Humeyd, *Şerhu Nuhbeti'l-fiker*, s. 142-143.

[4] Bkz. Karadaş, "Semerkand Hanefî Kelam Okulu Mâtürîdîlik -Oluşum Zemini ve Gelişim Süreci", s. 57-58; Çeker, "Hanefi Mezhebinin Fıkıh Silsileleri", s. 164.

[5] ئىبنى ئەبىي ئاۋۋام، *فەزائىلۇ ئەبۇ ھەنىپە*، 97-بەت. بۇ لەپزلەردە « ما جاء عن رسول الله صلى الله عليه و سلم فعلى الرأس و العين, و ما جاء عن أصحاب رسول الله صلى الله عليه و سلم إخترنا, و ما كان من غير ذالك فنحن رجال و هم رجال » دەپ كەلگەن.

[6] Sahabenin Sünnet'e zâhirî, fıkhî ve içtihadî yaklaşımları konusunda ayrıntılı bilgi için bkz. Erul, *Sahabenin Sünnet Anlayışı,* s. 153 vd.

[7] تەپسىلاتى ئۈچۈن، تىسلىگىر، "ھەنەپىلەرنىڭ قارىشىدا خەبەرنىڭ قىياسقا قارشى بولغان ھالىتىدە راۋىينىڭ پەقىھ بولۇش شەرتى". 72-74- بەت.

يەردە ئەسلى تەكىتلىمەكچى بولغان نوقتا بولسا، تابىئىنلارنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ساھابە كىراملارنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭ بولغىنىدۇركى، بۇ ناھايىتى نورمال بىر ھالەتتۇر.

بولۇپمۇ ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ كۆز قاراشلىرى نەسىلدىن نەسىلگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەسىرى ۋە كۆرسەتمىسى بىلەن بىخلىنىپ كەلگەندۇر. تېمىمىز نۇقتىسىدىن بۇنىڭ مۇھىملىقى بىرئاز ئىلگىرى ئىشارەت قىلغىنىمىزدەك، مەيلى ساھابىدىن كەلگەن بولسۇن، مەيلى تابىئىندىن كەلگەن بولسۇن، بۇلار رەسۇلۇللاھتىن نەقىل قىلىنغان «مەرفۇئ» رىۋايەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىنىشى مۇمكىن، ھەتتا كېرەك بولغان «نەقلي بىلىم» تۇرىدۇر.[8] مۇشۇنداق مەلۇماتلارنى نەقىل قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەربىرى بىر «راۋى» ئورنىدىدۇر.

يەنە بىر قاراش نوقتىسى بىلەن ئېيتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىمۇ بىر راۋىدۇركى، ئاللاھ تائالادىن ئالغان ۋەھيىلەرنى كەم-زىيادە قىلماستىن بىزلەرگە يەتكۈزگەن ئەڭ مۇھىم ۋاستىچى ئورنىدا بولىدۇ. دېمىسىمۇ ئەرەپچىدىكى «نەبي» سۆزى پارىسچىدە «پەيغەمبەر» ئىنگلىزچىدە "Messenger" ۋە باشقا تىلدىكى سۆزلەرمۇ، خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى كىشى دېگەن بولۇپ، ئاللاھتىن ئالغان پۈتۈن مەلۇماتلارنى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن ئۇلۇغ ئەلچىلەرگە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ راۋىلىق تەرىپىگە ئىشارەت قىلىدۇ. شۇنداقلا خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى بولۇشتا ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن باشقا پەيغەمبەرلەر ئوتتۇرىسىدا بىر پەرق يوقتۇر.

شۇنداق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ۋە باشقا پەيغەمبەرمۇ بۇ مەنىدە بىرەر راۋىيدۇر. دەرۋەقە بۇ نۇقتىدىن چىقىپ تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش، رىۋايەت قىلىش ۋە تەبلىغ ۋەزىپىسىنىڭ بەك مۇقەددەس ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تەلەپ قىلىدىغان بىر خىزمەت ئىكەنلىكىنى بىمالال دېيەلەيمىز.

﴿ يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ وَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ. ﴾

«ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن..».[9] بۇ ئايەتى كەرىمە تەبلىغ ۋەزىپىسىنىڭ نەقەدەر بۈيۈك بىر مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىكتۇر. بۇ توغرىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاممۇ «مەندىن بىر ھەدىسنى ئاڭلاپ باشقىلارغا ئەينەن يەتكۈزگەن كىشىنىڭ يۈزىنى ئاللاھ يورۇق قىلسۇن»[10] دەپ، يەنە بۇ خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەندۇر.

[8] ساھابە ۋە تابىئىنلارغا ئائىت سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلىگەن مەۋقۇف ۋە مەقتۇئ رىۋايەتلەرنى تېخىمۇ كەڭرى شەكىلدە تېپىش ئۈچۈن مۇسەننەف ۋە مۇۋەتتەئ خىلىدىكى ھەدىس كىتابلىرىغا قاراش كېرەك. بۇ ئۇقۇمدا بۇ ئەسەرلەرنىڭ يېگانە خەزىنە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز ۋە بۇلارنى مەنبەلەرگە قوشقان ئالىملىرىمىزگە رەھمەت ئېيتىشقا قەرزدار ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيمىز.
[9] مائىدە 5/ 67.
[10] بىر- بىرىگە يېقىن لەپزلەر بىلەن زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، جۇبەير ئىبنى مۇتئىم ۋە ئەنەس ئىبنى مالىككە ئوخشاش ساھابىلەردىن كەڭرى رىۋايەت قىلىنغاندۇر..مەسىلەن تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ؛

بولۇپمۇ رىۋايەت ئىشى ئەڭ مۇھىم دەرىجىدە بولۇپ، تارىختا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغان كىشىلەر ھەممىدىن بۇرۇن پەيغەمبەرلەر بولغاندۇر. ھەمدە كېيىنكى راۋىيلار ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ قانداق ئىجرا قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئەمەلىي تەبىقلاش ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە كۆرستىپ بەرگەن. بۇ مەنىدە پەيغەمبەرلەردە بولغىنىدەك راۋىينىڭمۇ ئەڭ مۇھىم سۈپىتىنىڭ «ئىشەنچىلىك» بولۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىمىز لازىم. بۇ سۈپەت ئومۇمەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن «راسچىللىق» ۋە «ئامانەت» كەلىمىلىرى بىلەن،[11] بولۇپمۇ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بولسا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە «ئەمىن» سۈپىتى بىلەن[12] ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ سۈپەت بىر راۋىي ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان سۈپەتلەردىن بولۇپ،[13] سۆزلىگەن بىر نەرسە توغرىسىدا ئىشەنچ بەرمىگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ جامائەت نەزىرىدە قوبۇل قىلىنىشى ياكى قىسقا ۋاقىت قوبۇل قىلىنسىمۇ، ئۇلارنىڭ زىھنى ۋە كۆڭلىدە ئەبەدىي ئورۇن ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن ئىسلامدا «مۇناپىق» سانىلىپ قالغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئېيتقانلىرى ئىشەنچكە ئېرىشەلمىگەن. چۈنكى مۇناپىق كىشىنىڭ خامىلىئونغا ئوخشاش ھەر مۇھىتتا ئوخشىمىغان رەڭلەرگە پۈركۈنۈش قابىلىيىتىنى (بەلكىم قابىلىيەتسىزلىكى دېمەك لازىم) كۆرسەتكەنلىكىدىن، قايسى پوزىتسىيەسىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىش ئادەتتىكى ئىنسانلار ئۈچۈن ئىمكانسىزدۇر. ئۇنتۇمايلىكى، يېقىن زاماندا ئاچچىق بىر شەكىلدە تەجرىبە قىلىنغان (فەتھۇللاھ گۈلەن جامائىتىگە ئوخشاش پ د ي) گورۇھلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئايرىغۇچى سۈپەتلىرىدىن بىرى، سۆھبەتلەشكۈچى تەرەپكە ئىشەنچ تەسىرى بەرمىگەن «ھەرخىل كۆرۈنۈشلۈك كىشىلەر» ئىدى. ھەتتا بۇ خۇسۇسىيەت ئەڭ باشتا مەزكۇر گورۇھ ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىرىدا ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. چۈنكى سىزنىڭ بۇرۇن «مۇئاز» «سەلمان» «ئاbbas» «تالىپ» قاتارلىق ئىسىملار بىلەن تونۇغان بىر كىشىنىڭ باشقا بىر كۈنى ئالدىڭىزغا «مۇسئەب» «نۇرى» «ھەسەن» «ۋەيسەل» دېگەنگە ئوخشاش باشقا بىر ئىسىم بىلەن چىقىشى كۈچلۈك ئېھتىمال ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى؟ بۇلاردىن باشقا يەنە قانداق يالغان ئىسىملارنى قوللىنىدۇ؟ ئۇنى كەسكىن ئىنىقلىماق مۇمكىن ئەمەس. بۇ پەرقلىك ئىسىملار ۋە كۆرۈنۈشتە ئوخشىمىغان ئىزنالار ئەمەلىيەتتە نىقاپلىنىشنىڭ بىر ئىشارىتى ۋە ۋاسىتىسىدۇر. چۈنكى ئوتتۇرىدا بىراۋدىن يوشۇرۇلغان، ئېچىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغان ئەيىبلەر بار. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، مەيلى پەيغەمبەرلەرنى ياكى ساھابىلەرنى بولسۇن بىر مۇددەت كېيىن ئالدىدىكى بىر شەخسنى ئۇمىدسىزلەندۈرىدىغان دەرىجىدە ئويلاپ باقمىغان يامان ئۆزگىرىشلەر ۋە پەرقلىق كىشىلەر ھالىتىدە كۆرۈش ئېھتىمالى يوقتۇر. ھەقىقەتەن ئۇ بۈيۈك شەخسىيەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ۋە ئايرىغۇچى بەلگىسى؛ «ئىچى-تېشى ئوخشاش بولۇش» سۈپىتى بىلەن ۋە سىزغان توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش

bkz. Ahmed b. Hanbel, *Müsned*, VII, 221 (no: 4157), XXI, 60 (no: 13350); Ebû Dâvud, İlim 10, (no: 3660); Tirmizî, İlim 7 (no: 2656, 2657, 2658); İbn Mâce, Mukaddime 18 (no: 230, 231, 236).

[11] پەيغەمبەرلەردە تېپىلىدىغان " بىر ئىنسان سۈپىتىدە ۋەھىي ئالماق، ئامانەت، سادىقلىق، زىرەكلىك، تەبلىغ ۋە مەسئۇملۇق" كەبي ئومۇمى مەلۇماتلار ھەققىدە: ئەسەن، « پەيغەمبەرلىك ۋە پەيغەمبەرلەر»، 94-97. بەت.

[12] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىسلامدىن بۇرۇنلا بېرىلگەن «ئەل-ئەمىن» سۈپىتى ھەققىدە ئالگۈل، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى «ئەمىن» 9. توم، 111. بەتكە قاراڭ.

[13] بۇ سەۋەپ بىلەن ھەدىس ئۇسۇلىدا بىر راۋىيدا تېپىلىشى كېرەكلىك ئەڭ ئۇنۇملۇك ئىككى سۈپەت« كىزبۇرراۋىي » ۋە «ئېھتىمالۇ'ر-راۋىي بىل-كىزبى» دۇر.
Bkz. Ahmed Naim, *Tecrîd-i Sarih Tercemesi*, I, 282-295; Erul, “Sahabe Döneminde “Tekzib” Olgusu…”, ss. 455-489.

بىلەن كىشىلەرگە ئىشەنچ بېرىشتۇر. مۇشۇنداق بولغان چاغدا باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن توغرا يولىغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

«ئىشەنچ» مەنىسىدە كەلگەن ۋە «ئەمىن» سۆز تومۇرىدىن تۈرلەنگەن «مۇئمىن» كەلىمىسىنىڭمۇ ھەم ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن[14] ئىكەنلىكى ھەمدە مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن بىر سۈپەت بولۇپ قوللىنىلغانلىقىنىمۇ بۇيەردە خاتىرلىتىشتە پايدا بار. يەنى كىشىلەرگە ئىشەنچ بېرىش بىۋاستە بىر كىشىنىڭ ئىمانى بىلەن ئالاقىدار بىر خاسلىقتۇركى، ئىمان ۋە ياكى ئىشەنچتىن بىرى بولمىغاندا يەنە بىرىنىڭمۇ بولمايدىغانلىقى، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ (شۈبھىلىنىش بىلەن) زىدە قىلىنىدىغانلىقى چۈشىنىلىدۇ.

دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دائىر بىرەر نەقىلدە بولغان ھەرقانداق راۋىينىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپىتى ئىشەنچلىك بولۇشتۇركى؛ بۇنىڭ ھەدىس ئۇسۇلىدا قىسقىچە مۇناسىپ كېلىدىغان سۆلەر «سىقە، سىدىق، ئىتقان، زەبتى» دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر.[15] بىر راۋىينىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئاساسى پارامېتىر بولسا ئۇنىڭ ئىسلامغا بولغان مەنسۇپلۇق ۋە بويسۇنۇش تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلىشى ئەمىلىيەتتە مۇسۇلمان بولۇشىدۇر. بۇ شۇنداق دېمەكتۇركى، تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بىر ئىنساننىڭ ئەڭ بېشىدا راۋىي سۈپىتىنى ئېلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. ئەھمەد نەئىمنىڭ ئىپادىسى بىلەن: «كاپىرنىڭ ئىجازەت بىلەن ھەدىس رىۋايەت قىلىشى سەھىھدۇر. ئەمىلىيەتتە ئۇنى ئاڭلىشىمۇ سەھىھ (دۇرۇس) ئىدى. پەقەت رىۋايىتى ئىتىبارغا ئېلىنىشى ئۈچۈن ئىسلامغا كىرىشى شەرتتۇر.[16] بۇ ناھايىتى تەبىئى بىر خۇلاسىدۇر؛ پەقەت مۇسۇلمان بولمىغان بىرىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەقىل قىلغان خەۋەرلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم. چۈنكى مۇسۇلمانلىق، شەخسنى يالغاندىن بۇ دىننىڭ رول ئۈلگىسى ۋە يولباشچىسى بولغان پەيغەمبەرگە يالغان ئىسناد بېرىشتىن چەكلىگەن ئەڭ مۇھىم قالقان ھالىتىدە بولۇپ، بۇ سەۋەپ بىلەن مۇسۇلمان بولۇش راۋىدە تەلەپ قىلىنغان شەرتلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا كەلمەكتە.

ئەلۋەتتە كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولىشى، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك (سىقە) بولغىنىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەستۇر. چۈنكى جەمئىيەت ئىچىدە مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەلەپ قىلغان بىر مۇنچە ئىبادەتلىرىنى قىلغان ھالدا يالغان سۆزلىگەن، خىيىدارىنى ئالدىغان، قول ئاستىدىكىلەرگە زۇلۇم قىلغان، ھەقسىز ۋە ئادالەتسىز ئىشلارغا ئىمزا قويغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بولغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇمدۇر. بۇ يەردە كىلاسسىك كالام مۇنازىرىلىرىدىن، « ئەمەل-ئىماننىڭ بىر قىسمىمۇ، ئەمەسمۇ» دېگەن تېمىلىرىغا كىرمەيمىز. چۈشەندۇرمەكچى بولغان نەرسە؛ رىۋايەتنىڭ قوبۇل بولىشىدا ئاساسى شەرت راۋىينىڭ مۇسۇلمان بولىشىدۇر لېكىن بۇ مۇسۇلمانلىق، ھەر بىر شەرت ۋە ھالەتتە ئۆزىنى ئىشەنچلىك ۋە دۇرۇسلۇق

---

[14] Esma-i Hüsna'daki el-Mü'min ismiyle birlikte diğer isimler için bkz. Tirmizî, Deavât 83 (no: 3507; hasen-garib diyor); İbn Mâce, Dua 10 (no: 3861). Ayrıca bkz. Tatlı, Mimari Hadisleri, s. 102-103.

[15] ھاكىم، *مەئرىفەتۇ ئۇلۇمىلھەدىس*، 14.بەت (ئۈچىنچى تۈرى). ئادالەت ۋە زەبىت (ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى)سۈپەتلىرىگە ئىگە بولغان راۋىيلەر ھەققىدە قوللىنىلغان تەئدىل لەپزىلىرىدىن بىرى بولغان «سىقە» كەلىمىسى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن ئايرىم قارالسۇن، يۈجەل، «سىقە» تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 176.175.بەت.

[16] ئەھمەد نەئىم، *سەھىھىل بۇخارى مۇختەسەرى*، 1. توم 429. بەت.

سۈپەتلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆرسىتىش لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرىپلىشى بىلەن « مۇسۇلمان دېگەن قولىدىن ۋە تىلىدىن باشقا مۇسۇلمانلارۋە ئىنسانلار خاتىرجەم بولغان كىشىدۇر».[17] ئەكسىچە يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان مۇسۇلمانلىق، بىر قۇرۇق دەۋا بولۇشتىن باشقا ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ.

بولۇپمۇ خەۋەر نەقىل قىلىشتا ۋەزىپە ئالغان مەيلى ساھابە بولسۇن ياكى كېيىنكى نەسىللەر ھەققىدە سۆز قىلىنغان بولسۇن، راۋىي ئۇچۇن سىقە بولۇش ئاساسي بەلگىلىگۈچى پىرىنسىپتۇر ۋە بىر راۋىيدە بولىشى كېرەك بولغان بۇندىن باشقا سۈپەتلەرمۇ ئەلۋەتتە بار.[18] بۇ نۇقتىدا ساھابە نەسلىنىڭمۇ راۋىي ھالقىلىرىدىن بىرىنچىسىنى ھەتتا ئەڭ مۇھىمىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى خاتىرلىشىمىز كېرەك. مەقسەتكە كەلسەك ئىشەنچلىك بولۇش سۈپىتى ساھابە ئۈچۈنلا تەتقىق قىلىنىشى كېرەك بولغان شەرتمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ھەقىقەتەن بۇ تىما ساھابىنىڭ ئادالىتى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

كىلاسسىك ھەدىس ئۇسۇلىدا الصَّحَابَةُ كُلُهُمْ عُدُولٌ «ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ئادىلدۇر» دېگەن شەكىلدە بىر قائىدە بار،[19] بۇنىڭ مەنىسى، جەرھ ۋە تەئدىل سىستىمىسىدا رىجال تەنقىدى قىلىنىپ-دە پۈتۈن راۋىيلەر ئادالەت ۋە زەبتى كەبى ئاساسى نۇقتىلاردا ئىنچىكە تەكشۈرۈلگەندە، ساھابىلەر ئۈچۈن بۇنداق قىلىنماي ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتلىك كىشىلەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ، دېمەكتۇر. دىققەت قىلىنسا بۇ قائىدىدە ساھابىلەرنىڭ پەقەت «ئادالەت» نۇقتىسى بىلەن تونۇشتۇرۇلۇشى سۆزلەنگەن بولۇپ، «زەبتى» جەھەتىدىن ئالدىن ئىزدىنىش تېمىسىدا گەپ-سۆز قىلىنمىغان. نوقۇل ساھابىنىڭ ئادىل بولۇشى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ قەستەن خالاپ بىر يالغاننى توقۇپ چىقىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىشىنىڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقا ساھابىنىڭ بۇ ھالەتكە سۈكۈت قىلىشىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغان بولۇش ئېھتىمالى كىلىدۇكى، بۇمۇ ئەمىلىيەتتە ئەقىلگە ئۇيغۇندۇر. چۈنكى ساھابىدىن ھېچ بىرىنىڭ بۇنداق بىر پوزىتسىيەگە جاسارەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇ شۇنداق ساھابىلەركى ئىنسان ئۇستى بىر غەيرەت بىلەن قۇرئان-كەرىمنى ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا ئەڭ ئىشەنچلىك شەكىلدە نەقىل قىلىش ۋەزىپىسىنى نۇقسانسىز ئورۇندىغان ۋە ئۇلارنىڭ سايىسىدە بۈگۈن دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىدا يىگانە بىر نۇسخىسى بار. ئەينى زاماندا شۇ ساھابىلەرنىڭ قۇرئان ئالدىدا ئىزھار قىلغان ئۆزىنى بېغىشلاش غەيرىتىنىڭ ئوخشاش دەرىجىدە ھەدىس رىۋايەتلىرىگە ئەكىس ئەتمىگەنلىكىنى، ئۇلاردىن بىر قىسمىنىڭ ھەدىس ئويدۇرۇپ بۇنى رەسۇلۇللاھقا ئىسناد قىلىش جۈرئىتىنى كۆرسىتىش مۇمكىنلىكىنى، باشقا ساھابىنىڭمۇ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلىش، ھەر شەيئىدىن بۇرۇن ئەقىلگە ۋە ئىنسان شەخسىيتىنىڭ بۇ دەرىجىدىكى زىت ئىستىلدە كىملىكلەر كۆرگەزمە قىلىشىنىڭ ( شەخسيەت پارچىلىنىشىنىڭ) ئىمكانسىزلىق پىرىنسىپىغا خىلاپتۇر؛ (يەنى مۇمكىن بولماسلىق قائىدىسىگە

---

[17] بۇخارى، ئىمان 3-4 (10،11.نومۇر)؛ نەسەئى، ئىمان 8-9 (4995،4996.نومۇر)

[18] Hadis Usulünde “metain-i aşere” denilen ve bir râvide “bulunmaması” gereken kusurlar hakkında bkz. Ahmed Naim, Tecrîd-i Sarih Tercemesi, I, 282-337.

[19] ئىبنۇ سالاھ، علوم الحديث، 56. بەت؛ نەۋەۋى، التقريب و التيسير، 50. بەت؛ ئەھمەد نەئىيم، تجريد الصريح تەرجىمىسى، 1، 19~25، 50. بەتلەر.

زىت كېلىدۇ).[20] ياكى ئۇلاردىن ھەر بىرىنىڭ مۇناپىقچە (ئاللاھ ساقلىسۇن) ھەرىكەت قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلىش مەنىسىگە كېلىپ قېلىشىمۇ، بۇ ئەسلىدىنلا توغرا بىر قاراش ئەمەستۇر. يەنە بىر تەرەپتىن ساھابە كىرامدىن بەك كۆپلىرىنىڭ پەيغەمبەرگە يالغان ئىسناد ماۋزۇسىدىكى مەشھۇر، مۇتەۋاتىر ۋە تەھدىتكە تولغان«مَنْ كَذَبَ عَلَي...»[21] دىگەن ھەدىسنىڭ خىتاپ قىلىنغۇچىسى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، رىۋايەت توغرىسىدا ئۆزىنى تارتىش پوزىتسىيەسىدە بولغانلىقى، مەجبۇر قالمىسىلا ھەدىس رىۋايەت قىلمىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس نەقىل قىلىش ئىشىنى تېخىمۇ كۆپرەك ئۆز ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ئىشنىڭ ئەھلىگە يەنى بۇنى كەسپلەشتۇرگەن ساھابىلەرگە قويۇپ بەرگەنلىكىمۇ بىلىنگەن بىر ئەمىلىيەتتۇر.[22] پۈتۈن بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشىنىلگەندە ساھابىدىن ھىچبىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغان ئىسناد توغرىسىدا تۆھمەت ئاستىغا تاشلاپ قويۇش، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتتا بولغان ۋاقتىدا بۇنى ئەسلا قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر خاسلىقتۇر. شۇڭا بىزنىڭ قارىشىمىزدىمۇ ساھابىنىڭ ھەممىسىنىڭ زەبتى جەھەتىدىن ئەمەس ئەمما ئادالەت نۇقتىسىدىن «ئادىل» قوبۇل قىلىنىشى ئەڭ توغرا دەرىجىدىكى بىر قاراردۇر.[23]

يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن بۇ سۆزلىگەنلىرىمىز، «ساھابىنىڭ ئادالىتى» نۇقتىسىدا ئىناۋەتلىكتۇر. بولمىسا ئۇلار خاتا ۋە گۇناھتىن تامامەن ئۇزاق ۋە ئەسلا سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەن، قۇسۇرسىز ئىنسانلار ئەمەستۇركى ئۇنداق بولۇشلىرىنىڭ ئۆزىمۇ كۈتۈلمەسلىك كېرەك. يەنى ساھابىلەرنىڭ «زەبتى» قۇسۇرلىرى سەۋەبى بىلەن تەنقىدكە ئۇچرىشى مۇمكىن، ھەتتا رىئاللىقتۇر. مەسىلەن ساھابىدىن كىمنىڭ باشقا بەزى ساھابىلەرگە قاراتقان تەنقىدلەر دائىرىسىدە بەدرىددىن ئەز-زەركىشىنىڭ (ۋ.1392/794) *ئەل- ئىسابە لىئىيرادى مە'ستەدرەكەتھۇ ئائىشە* رەزىيەللاھۇ ئەنھا *ئەلە'سساھابە ناملىق ئەسىرى*، بولۇپمۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ساھابىنىڭ بەزى رىۋايەتلىرىگە قاراتقان تەنقىدلىرىنى بىر يەرگە توپلىغان ياخشى بىر ئەسىرىدۇر.[24]

---

[20] يەنى؛ ئۇلاردىن بىر قىسمىنىڭ ھەدىس ئويدۇرۇپ بۇنى رەسۇلۇللاھقا ئىسناد قىلىش جۈرئىتىنى كۆرسىتىش مۇمكىنلىكىنى، باشقا ساھابىنىڭمۇ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلىش (مۇمكىن ئەمەس)، ھەر شەيئىدىن بۇرۇن ئەقىلگە ۋە مەنتىق (پەلسەپە-لوگىكىدىكى) مۇناسىۋەتلىك قائىدىلەرگە قارشى كېلىدۇ.

[21] Mesela bkz. Buhârî, İlim 38 (no: 106-110). Mütevâtir kabul edilen bu hadis hakkında ayrıntılı bir çalışma için bkz. Kuzudişli, “Men Kezebe Aleyy...”, *Marife*, ss. 137-166; Erul, “Sahabe Döneminde “Tekzib” Olgusu…”, s. 461-462.

[22] بۇ مەنىدە ھەدىس رىۋايەتلىرى بىلەن ئەڭ كۆپ مەشغۇل بولغان ۋە مىڭدىن كۆپ رىۋايىتى بولغان ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئاناس ئىبنى مالىك، ئائىشە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، غابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ۋە سەئىد ئەل-خۇدرىدىن ئىبارەت يەتتە ساھابىگە «مۇكسىرۇن» دىيىلگەن. بۇلارغا مىڭغا يېقىن رىۋايىتى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس(ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن)... قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ قوشۇۋېتىلگەن ئەھۋالىمۇ بولغاندۇر. ئەھمەد نەئىم، تەجرىدى-سەرىھ تەرجىمىسى، 1. توم، 25-26. بەت؛ ئارمان،«مۇكسىرۇن»، د ئ ئې، 31.توم، 534. بەت.

[23] ئاساسەن «ئادالەت» ئاتالغۇسىنىڭ ئۆز ئىچىگە «كىزبۇ'ر-راۋىي»، «ئىتتىھامۇ،ر-راۋىي بى'ل-كىزبى»، «فىسقۇ'ر-راۋى» ۋە «جەھالەتۇ'ر-راۋىي» ...قاتارلىقلار كىرىپ كېتىدىغان بولۇپ، كىشىنىڭ دۇرۇسلىقى تېخىمۇ بەكرەك، كىزىب ۋە پىسىق بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىنى ھىساپقا ئالغاندا، بىزمۇ بۇيەردە تېخىمۇ بەكرەك يالغانچىلىق ۋە پاسىقلىق تىمىلىرىنى دىققەتكە ئېلىۋاتىمىز. بۇنىڭغا باراۋەر ساھابىنىڭ «راۋىينىڭ نادانلىقى» جەھەتىدىن قەلەمگە ئېلىنىپ تەنقىد قىلىنغان دەۋرىمىزدىكى ئىلمى خىزمەتلەرمۇ بولۇپ، بۇلاردىن بىرى ئۈچۈن ئەرۇل، «جەھالەتۇ'ر-راۋىي نۇقتىسىدىن ساھابىنىڭ ھالىتى» 167-184. بەت.

[24] Zerkeşî’nin bu kitabı yeni bir tertip ve tercüme ile Bünyamin Erul tarafından dilimize kazandırılmıştır. Bkz. Zerkeşî, *el-İcabe*, thk. M. Bünyamin Erul, Müessesetü’r-Risale, Beyrut 2004/1425; Zerkeşî, *Hz. Aişe’nin Sahabeye Yönelttiği Eleştiriler,* çev. düz. Bünyamin Erul, 2. bs. Kitabiyat Yayınları, Ankara 2002.

زەركەشي مەزكۇر ئەسىرىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرىنىڭ يانىمۇ-يان ساھابىدىن تۆۋەندىكى ئىسىملارغا قارىتا ئىتىرازلىرىنى كەلتۈرگەن: ئۇلار بولسا ئۆمەر، ئەلى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببا‌س، ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، زەيد ئىبنى سابىت،زەيد ئىبنى ئەقەم، بەرا ئىبنى ئازىب، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ئەبۇ تەلھە، ئەبۇ دەردا، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، پاتىمە بىنتى قەيس... قاتارلىقلار.[25] ئائىشە بۇ ساھابىلەرنىڭ رىۋايەت ئەتكەن ھەدىسلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنى بولۇپمۇ قۇرئانغا، سۈننەتكە، ھەدىسكە، ئۆز ئەقلى-قارىشىغا، تىل-لوگىكا قائىدىلىرىگە، ۋە تارىخى رىئاللىقلارغا سېلىشتۇرۇپ؛ بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە نامى زىكىر قىلىنغان، ساھابىنى پەقەتلا زەبتى جەھەتىدىن تەنقىد قىلغان ئىكەن، ئۇلارنى ئادالەت يۆنىلىشىدىن ئەسلا ئەيىپلىمىگەن ئىكەن.[26] تەبىئىكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سىرتىدا باشقا تەنقىدچىلەرمۇ مەۋجۇتتۇر.[27]

بولۇپمۇ بەزى ساھابىلەرنىڭ ئادالەت ئەمەس زەبتى قۇسۇرلىرى سەۋەبى بىلەن تەنقىدكە ئۇچرىغانلىقى روشەن ھالدا چۈشىنىلمەكتە،[28] بۇنى تېخىمۇ ئالغا سۈرۈپ، ساھابىنىڭ پەقەتلا زەبتى ئەمەس، ئادالەت يۆنىلىشى بىلەنمۇ تەنقىد قىلىنىشى كېرەكلىكىنى دېيىشنىڭ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقلىرىنى ياكى ئىسلامدىكى سەممىيەتلىرىنى سۇئال سوراقىقا تارتىشنىڭ ۋە بۇ ئىملارنى مۇزاكىرىگە ئېچىشنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن چېتىشلىق بىر تەرىپى بولمىغانلىقىغا قانائەت قىلىمىز.[29] ساھابىدىن كېيىن كەلگەن ئەۋلاتلار ئۈچۈن بولسا، جەرھ ۋە تەئدىل ئالىملىرى تەرىپىدىن قىلىنغان پات-پات بارغانسىرى رەھىمسىز بىر تەنقىد زامانى بولغانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز.[30] ھەتتا بىز بۇ تەنقىد ۋاقتىنىڭ ئاساسى/ ئوبىكتىپ پىرىنسىپلارنىڭ سىرتىدا بارغانسىرى سوبىكتىپ/

---

[25] زەركىشى، إجابة.262-143 بەت

[26] زەركىشى، إجابة،.77-52 . بەت

[27]Sahabenin birbirini tenkidi ve münekkit sahâbîler hakkında ayrıca bkz. Âşık, *Sahabe ve Hadis Rivayeti* s. 250-267.

[28] بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بەزى ساھابىلەر ئارىسىدا بولۇپمۇ، سىياسى مەسىلىلەر سەۋەبىدىن ئۇقۇشماسلىق ۋە سۈركىلىش چىققانلىقى ۋە بۇنىڭ تا بۈگۈنىمىزگە قەدەر تەسىر كۆرسەتكەن ئاچچىق نەتىجىلىرى بولغانلىقىنى دىققەتكە ئالغانلىق نۇقتىسىدىنمۇ بۇ مەسىلە يىراق تۇتۇلۇشى لازىم. بۇ ھالەت ساھابىنىڭ ئادالىتى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى مەزگىلدە بەزى ساھابىلەرنىڭ، «كۈللۈھۇم ئۇدۇل» چۈشەنچىسىگە زىت پوزىتسىيەدە بولغانلىقىمۇ سۆزلىنىشى مۇمكىن. بۇ يۆنىلىشتە بىر پايدىلانما ئۈچۈن؛ ئەۋگىن، ئابدۇقادىر، «ھەدىسكە تايانغان بەزى مەسىلىلەرنىڭ بۈگۈنىمىزگىچە بولغان تەسىرى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ، دىنى تەتقىقاتلار، 2002، 5. توم، 13. سان 177-186، 180-181. بەتلەر.

[29] بۇنىڭغا خىلاپ ھالدا تارىختا ساھابىلەر توغرىسىدا جەرھ ئىپادىلىرىنى قوللانغان ئالىملەرمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن ئىبنى ھەزمىنىڭ (ۋ.456/1064) ئومۇمەن ساھابىلەردىن ئەڭ كېيىن ۋاپات بولغانلىقى قوبۇل قىلىنغان كىشى، ئەبۇ تۇفەيل ئامىر ئىبنى ۋاسىلە ئەل-لەيسىنى «رەجئەت» ئەقىدىسىنى تۇتقانلىقى دەۋاسى بىلەن زەئىپ قاتارىدا سانىغانلىقى، ۋە ئۇنىڭ رىۋايەتلىرىنى تەنقىد قىلىشى، بۇيەردە مىسال قىلىنىشى مۇمكىن. ( ئىبنى ھەزمى، ئەل-مۇھەللا، 3. توم، 174. بەت) ئىبنى ھەزمىنىڭ بۇ قارىشى ئەسلا قوبۇل كۆرۈلمىگەن ۋە تەنقىدچى ئالىملار ئۇنى ھەددىدىن ئاشقانلىق دائىرىسىگە چىقارغان. قاراخان، «ئىبنى ھەزمىنىڭ راۋىي تەنقىدىدىن تارتىشىلغان يۆنىلىشلەر» 133. بەت. بىر ئاز يۇقارىدا زىكىر قىلىنغان رەجئەت ئەقىدىسى، بەزى شىئە گۇرۇپپىلىرىنىڭ قارىشىدا ئىمامنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىن ۋە ياكى غايىپ بولغاندىن كېيىن مەيدانغا چىقىشى، 12 ئىمام شىئەلىرىنىڭ قارىشىدا بولسا قىيامەتنىڭ بولىشىدىن بۇرۇن ئىماملارنىڭ ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلارنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا قايتىشى چۈشەنچىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ مەنبەسى ئۈچۈن (ئىلياس ئۈزۈم، «رەجئەت»، د ئ ئا، 34. توم، 504-506. بەت)كە قاراڭ. بۇ ھالەتتە ئىبنى ھەزمى ئەبۇ تۇفەيلنى بىدئەتچى دەپ ھىساپلاپ ئۇنى «ئادالەت» نۇقتىسىدىن تەنقىد قىلغان.

[30] ئۇ گەپنىڭ كىلىش مەنبەسى؛ ئىبنى ئەبى ھاتىمنىڭ (ۋ. 327/938) ئەبۇ ھەنىپە (ۋ.150 /767) ھەققىدە كەلتۈرگەن ئۇنىڭغا قارشى رىۋايەتلىرىنى بۇ يەردە خاتىرلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ نەقىل قىلغان، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ، (ۋ.181/797) ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇنى تەرك ئەكەنلىكى ئۇنىڭدىن رىۋايەتتە بولغان يۆنىلىشتىكى كۆز قاراشلىرى ۋە ئەبۇ ھەنىپىنىڭ ئىمام مالىكتىن بەكرەك ئەز مەلۇماتلىق ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئۇرىنىشى تۆۋەن

گۆڭگا بىرمۇنچە تەنقىدلەرگە شاھىت بولىۋاتىمىز. ئاساسەن بىزنى بۇنداق بىر يازما يېزىشقا تۈرتكە قىلغان ئەسلى سەۋەپمۇ مۇشۇدۇر. ئەمدىلىك بۇ تېمىنىڭ ئايرىم يەرلىرىنى باشقا بىر ئەسەر گە يېزىشقا نىيەت قىلىمىز.[31]

بۇ يەردە مۇشۇنچىلىك مىقداردا سۆزلەيكى، ھەدىس رىۋايەتلىرىنىڭ سەنەدلىرىنى تەشكىل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئادەتتە قىلنى قىرىق يارىدىغانلىقىغا ۋە مۇتەشەددىد، سەركەش (بويۇنتاۋ) بىر شەكىلدە تەنقىد قىلىنىشى نۇقتىسىدا، راۋىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئادالەت ۋە زەبتى يۈنىلىشىدىن تەتقىق قىلىنىشى كېرەكلىكى چۈشىنىلمەكتە. بۇ كېرەكلىلىك نەتىجىسىدە *«مەتائىنى ئاشەرە»* دېيىلىدىغان ئۇن تەنقىد نۇقتىسى بەلگىلەنگەن ۋە ساھابە سىرتىدا پۈتۈن راۋىيلەر بۇ تەنقىدنىڭ خىتاپ قىلىنغۇچىسى بولغان. بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئوبىكتىپ تەرىزدە يۈرگۈزۈلگەنلىكى ۋە ياكى نۇنىڭ قانچىلىك مۇمكىن بولىدىغانلىقىنىڭ بەزى ئۆرنەكلىرىنى بېرىشكە پىلانلىغان باشقا ئەسەرلىرىمىزدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئويلىشىۋاتىمىز. بۇ نۇقتىدا ھەرقانداق *«مەتائىنى ئاشەرە»* گە ئوخشاش نىسبەتەن ئوبىكتىپ كۆرۈنگەن تەنقىد پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئالاھىدە ئىجتىمائى بىلىملەردە رىجال تەنقىدىنىڭ بۇ تۈر ئاساسلارغا تەتبىقلىنىشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئوبىكتىپ نەتىجىلەرنىڭ تۇغىلىدىغانلىقىنى كىيىنكى بىر ماۋزۇدا قىسقىچە قەلەمگە ئېلىش ئۇيغۇن بولىدۇ.

### ب. ئىجتىمائى بىلىملەردە ئوبىكتىپلىق ۋە سوبىكتىپلىق

جەرھ ۋە تەئدىل ئىلمىنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسىنىڭ رىجال تەنقىدى ئىكەنلىكىنى؛ ھەدىس رىۋايەتلىرىنىڭ سەنەدلىرىنى تەشكىل قىلغان پۈتۈن راۋىيلەرنىڭمۇ ئادالەت ۋە زەبتى جەھەتىدىن تەنقىدكە دۇچار قىلىنىپ، ئىجابىي ياكى بولۇشسىز بىر باھالاش ئېلىپ بېرىشنىڭ مەجبۇرى تەقەززا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىمىز.[32] بىراق رىجال تەنقىدىدە ئىزدىنىش تېمىسى بولغان تەتقىقاتنىڭ ئوبىكتى مەخسۇس ھالدىكى مەلۇم شەخسلەر بولغانلىقىدىن، بۇ تەنقىدنىڭ ئوبىكتىپ ۋە روشەن بىر تەرىزدە قىلىنىشىنىڭ تەسلىكىمۇ ئېزاھاتتىن يىراق. چۈنكى ئىنسان دىگىنىمىز مەۋجۇتلىقى، ھېچ بولمىغاندا *مەتائىنى ئاشەرە* كەبى تەنقىد نۇقتىلىرىنى ئاساس قىلغان بولسۇن، ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىش بەك قىيىنىدۇردۇر. رىئاللىقتىمۇ بىر ئۆسىۋملۈكنى ياكى بىئولوگىيەلىك ماتېرىيالنى لابوراتۇۋار شەرتلىرىدە ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددىلىرى توغرىسىدا تەپسىلى دوكىلات چىقىرىش، شۇنىڭدەك

---

دەرىجىدىكى تەئەسسۇپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوبىكتىپ نەتىجىلەر بولۇپ دىققەت تارتماقتا. تەپسىلاتلىرى ئۈچۈن؛ كەسكىن، «ئىبنى ئەبى ھاتىم (ۋ.938/327) ۋە ئەل-جەرھ ۋە تەئدىلىدىكى مىتودى»، 25. بەت.

[31] بۇ تېما بىلەن ئالاقىدار داۋام قىلىۋاتقان بىر كىتاپ ئەسىرىمىز بولۇپ، تەپسىلاتىنى ئۇ يەرگە قويۇپ قويماقچىمىز.

[32] ھاكىم، معرفة علوم الحديث، 52~58- بەتلەر؛ (ئون سەككىزىنچى تۈرى)؛ ئەھمەد نەئىيم، مختصر صحيح البخاري، 1. توم، 350~ 364- بەتلەر.

مەنىۋى بىرمۇنچە تەرەپلىرى ۋە قابىلىيەت مۇناسىۋەتلەر تورى بولغان ئىنسان ئۆستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەھلىل نەتىجىلىرىنى بىر دوكلات ھالىتىدە سۇنۇش ئەپسۇس، ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىمكانىيەت دائىرىسىدە ئەمەستۇر.

لېكىن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك كۆرسىتەيلى، نە قەدەر يېقىندىن تونۇساق تونۇيلى، قولىمىزدىكى ئىمكانلار بىلەن ئىنساننى ئانالىز قىلىپ ھاسىل قىلغان ماتېماتىكىلىق مەلۇماتلارنى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ھازىر ۋە ئېھتىمال كېيىنچىرەك قولغا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن.

شۇنداق؛ ئۇلارنى تېخىمۇ يېقىندىن تونۇغانسىرى ئىنسانلار ھەققىدە بىز بېرىدىغان ھۆكۈملەردە بارغانسىرى خاتالىشىش نىسبىتى مۇتلەق ئاز قالىدۇ، پەقەت بۇ نىسبەت ھېچبىر زامان نۆلگە چۈشۈپ قالمايدۇ. ? ? ? ? ? ? ?... مۇشۇنىڭدەك، ئاساسەن بىز تونۇمىغان ھەر ئىنسان بۈيۈك بىر سوئال بەلگىسىدۇر. تېخىمۇ يېقىندىن تونۇشقا باشلىغانسىرى بۇ سوراق بەلگىسى بارغانسىرى كىچىكلەيدۇ، كىچىكلەيدۇ، كىچىكلەيدۇ، ئەمما ھېچبىر زامان ئەسلا تامامەن يوقۇلۇپ كەتمەيدۇ. يىللاردىن بېرى تونۇغان ئىنسانلارنىڭ كۈنى كەلگەندە بىزلەرنى گاڭگىرىتىپ قويۇشى ياكى بىزنىڭ ئۇلارنى رەنجىتىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى ئىزھار قىلىپ قويۇشىمىز ھەر زامان ئېھتىمال ئىچىدە بولۇپ قالىدۇ. پەقەت بۇنداق بىر ئېھتىمال بار دەپ، ئىنسانلار ھەققىدە ھېچبىر زامان ھۆكۈم چىقارماسلىق كېرەك ئىكەنلىكىنىمۇ سۆزلەيدىغان ئەمەسمىز. ئەلۋەتتە رىجال تەنقىدىدە ئىزدىنىشكە ماۋزۇ بولغان كىشىلەر راۋىيلار يەنى ئىنسانلاردۇر؛ ئۇلار ھەققىدە بىر شەكىلدە ھۆكۈم بەرمەك ۋە ئۇلارنىڭ جەرھ ۋە تەئدىل نۇقتىسىدىن ھالەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك بولىدۇ. بىرىلىغان ھۆكۈملەرنىڭ يۈزدە يۈز توغرا ۋە ماتېماتىكىلىق كەسكىنلىك ئىپادىلىمىگەنلىكىنى بىلسەكمۇ، بۇنداق بىر ئەمەلىيەت ھەر قانداق ھالەتتە رېئاللىقنى ئاساس قىلىش ئەھۋالىدا بولغان (يەنى بىر كىشىگە يۈزدە يۈز باھا بېرەلمىسەكمۇ زاھىرى، تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ تەكشۈرۈپ بىر نەرسە دېيىشىمىز لازىم). چۈنكى خۇسۇسەن قۇرئان كەرىم بىزلەرگە كېيىنچە پۇشايمان قىلماسلىق ۋە خالىمىغان نەتىجىلەرگە ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن، خەۋەر ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرنى مۇتلەق تەكشۈرۈشىمىزگە بۇيرۇق قىلغاندۇر.[33]

شۇڭا ئونلارچە قىسىملاردا مەۋجۇت بولغان جەرھ ۋە تەئدىل ئەسەرلىرىمىزدە يەر ئالغان مىڭلارچە راۋىي ھەققىدە بېرىلگەن سىقە، سەبىت، ھۆججەت، راستچىل، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ راستچىلى، زەئىپ/ ساكىن، ھەدىسى ئىنكار قىلىنىدىغان، كاززاپ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يالغانچىسى ۋە باشقا باھالاش لەپزىلىرى[34] ھەققىدىكى ياقىلايدىغان قارىشىمىز، بۇلارنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈملەر بولمىغانلىقى يۈنىلىشىدە بولۇپ، يەنى بىر راۋى ھەققىدە بۇ سۈپەتلەر قوللىنىلىپ خۇلاسە قىلىنغاندا، بىزلەرنىڭ زېھنىمىزدە پەقەتلا «تەخمىني» بىر ئۇقۇم شەكىللىنىدۇ ۋە بىزلەرمۇ سەنەدنىڭ سەھىھلىك ھالىتى بىلەن ئالاقىدار «ئېھتىماللىق» بىر ھۆكۈم بەرگەن بولىمىز؛ ئۆزگىچە بۇنىڭ سىرتىدا قىلىنىشى مۇمكىن بولىدىغان، كۆپ بىر شەيئى بولمىغانلىقى چۈشىنىلمەكتە. بۇ نۇقتىدا

[33] ھۇجۇرات، 49 / 6. ئايەت.

[34] Elfâz-ı cerh ve ta‘dil hakkında ayrıntılı bilgi için bkz. Âlu Humeyd, *Şerhu Nuhbeti’l-fiker*, s. 190-194; Ahmed Naim, *Sahih-i Buhari Muhtasarı,* I, 390-398.

ئەگەر بىر راۋى بىلەن ئالاقىدار راۋىلىرىمىز «بىرلىككە كېلىپ» ئىجابىي ياكى سەلبىي بىر ھۆكۈم بەرگەن بولسا، بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىغا يېقىن بولۇش ئېھتىمالىنىڭ بارغانسىرى يۇكسەك بولغىنىنى چۈشىنىمىزكى بۇنىڭدا زىيادە بىر خاتالىق بولمىغانلىقىنى سۆزلىيەلەيمىز. پەقەت ئەسلى مەسىلىنىڭ ئەينەن بىر راۋى ھەققىدە بىرىلگەن ھۆكۈملەرنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى؛ بەزى ئالىملارنىڭ جەرھ قىلىغىنىدا ئۇ راۋىينى باشقا بىرىلىرىنىڭ تەئدىل يۈنىلىشىدە كۈچلەندۈرۈشىدۇر. بۇ ھالەتتە ھەرھالدا قىلىندىغان ئىش، بېرىلغان ھۆكۈمنىڭ كەسكىن ئىپادە بىلدۈرمىگەنلىكىنى سۆزلەپ راۋى ھەققىدە » ئىجابىي ياكى سەلبىي خۇلاسىلەر بولغانلىقىنى ئىشارەت قىلىش ۋە ئەڭ ئاخىرىدا تەۋەققۇف (توختاپ تۇرۇش) قىلىش لازىم. ھالەت قايسى مەركەزدە بولسا مەيلى، راۋىلەر ھەققىدە خالىسا ئىتتىپاق بىلەن قوبۇل قىلىنىش ۋە ياكى رەت قىلىنىشنى خالىسا تەۋەققۇف يۈنىلىشىدە قارار بىرىلسۇن، بېرىلگەن نەتىجە ھېچبىر زامان ماتىماتكىلىق كەسكىنلىكنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى بىر راۋىنىڭ مەقبۇل ياكى رەت قىلىنغانلىقى جەھەتىدىن ئىتتىپاق بىلەن قارار بىرىلسىمۇ يەنە بىرىلگەن بۇ ھۆكۈمنىڭ خاتا بولىشى ئېھتىمالدۇر. لېكىن قارار بەرگەنلەر بىر شەكىلدە خاتا چۈشەنگەن ياكى ئىشارەت قىلىپلا بولدى قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىمۇ ئۇرغۇتماق ۋە ئىتىراپ قىلىش كېرەككى، جەرھ ۋە تەئدىل خۇسۇسىدا پېشقەدەم ئالىملارنىڭ راۋىيلەرگە ئالاقىدار باھالاش ئىمكانلىرىنىڭ بىزگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرمىز. چۈنكى بۇرۇنقى ئۆلىمالىرىمىز راۋىيلەرگە ۋە ياكى ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ ئۇلارنى تونۇش ياكى ئۇ زاماندا ياشىغان ئالىملاردىن سوراش، بىلگەنلىرىنى ئىسپاتلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگىدۇر. بىزلەر ئۇچۇن بۇنداق بىر ماۋزۇدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان بولۇپ، پەقەت زامانىمىزغا قەدەر يىتىپ كىلىش پۈرسىتىگە ئېرىشكەن غايەت زور مەجىملەردىكى بىئوگرافىك، تەبەقات ۋە جەرھ -تەئدىل ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەن قارار بېرىشكە كۈچىيەلىشىمىز مۇمكىن. بۇ ۋەجىدىن بىزلەرنىڭ بىرىدىغان ھۆكۈملىرىمىز بۇرۇنقى ئۆلىمالىرىمىزغا قارىغاندا بارغانسىرى پايدىسىز بىر ئورۇندا ۋە خاتالىق نىسبىتى / ئېھتىمالى تېخىمۇ بەك يۇقىرى بولىدۇ. بىز پەقەتلا مەتىن تەنقىدى ئۇقىمىدا كەچمىشتىكى ئالىملار بىلەن تەڭ شەرتلەردە خۇلاسىلەپ پايدىلىنىش ئىمكانىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنداقتىمۇ ئىگە بولغان چوڭ مەجىملىك توپلاملاردىن خەۋەردار بولۇش شەرتى بىلەن؛ بۇ ماۋزۇدىن ۋاقىپ بولالمىساق مەتىن تەنقىدىدە يەنىلا پايدىسىز ھالدا بولۇپ قالىمىز. «سەنەد تەنقىدى» ئۇقىمىدا بولسا پەقەت بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ قانائىتىنى جەملەش ۋە بۇلارنىڭ قايسى يۈنىلىشتە قويۇقلاشقانلىقىنى (مەركەزلەشكەنلىكىنى) ئىنىقلاپ، يېقىن بىر نەتىجىگە يېتىش يۈنىلىشىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتەلىشىمىز مۇمكىن. مانا بۇ ماقالىمىزدە بىزنىڭ گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغىنىمىزمۇ بۇدۇر؛ يەنى ئېرىشكەن نەتىجىلەرنىڭ بىزنى پەقەتلا ۋاقىپ بولالىغان بىر نۇقتىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى، بۇنىڭ سىرتىدا قىلىدىغان ئىنكاسىمىزنىڭ بولسا جەزمەنلىكنى ئوتتۇرىغا قويالمايدىغانلىقىنى بىلشىمىز مۇقەررەردۇر.

نەتىجىدە شۇنى ئىپادە قىلىپ باقايلىمىكى، ئىجتىمائى بىلىملەرنىڭ خاراكتېرى پەن/ماتىماتكىلىق بىلىملەرنىڭكىگە ئەسلا ئوخشىمايدۇ؛ شۇڭلاشقا بۇلار بىلەن چىقىرىلغان نەتىجىلەر «ئېھتىماللىق» بولۇشقا تېخىمۇ بەكرەك يېقىندۇر. پەقەت يەنىلا رىجال تەنقىدى ئۇقىمىدا ماتىماتكىلىك كەسكىنلىكتە بولمىسىمۇ قارار بىرىلمەك ھالىتىدە بولۇپ، بىرىلگەن قارارنىڭ ئاخىرقىسى

ئەمەسلىكى، خاتالىق نىسبىتىنىڭ ئاز ۋە ياكى جىق مۇتلەق مەۋجۇتلىقى بىلىنگىنىدىن كېيىن بۇنىڭدا زىيادە بىر خەتەر بولمايدۇ. بۇ ۋەجىدىن كېيىنكى بۆلۈمدە ھەدىس ئۇسۇلىدا تەنقىدنىڭ يېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرئاز تېخىمۇ تەپسىلى مەلۇمات بەرمەكچىمىز.

**ج. راۋىي، رىجال تەنقىدى ۋە ئەھمىيىتى**

تەنقىد كەلىمىسى، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئەسىردە تۈرۈكچىدە ئۇقۇم تارىيىشىغا ئۇچراپ پەقەتلا «سەلبىي» ئاڭدا باھالاش ئېلىپ بېرىش (تەنقىد)[35] مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان بولۇپ، يېقىمسىز ۋە زىرىكىشلىك بىر ھالەتكە كېلىپ قالغان. كۈنىمىزدە بۇ كەلىمە قوللىنىلىپ «بىرىنى ۋە ياكى بىر شەيئىنى تەنقىد قىلدى» دېيىلگەندە «نوقۇل ئۇ شەيئىنىڭ ۋە ياكى بىركىشىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى تىلغا ئالدى» دىگەن مەنىسىلا چۈشىنىلمەكتە بولۇپ، بۇ ھالىتى بىلەن ھەرقانچە ئەكسىنى دەۋا قىلساقمۇ، ھەرھالدا ھېچ بىرىمىز تەنقىدتىن بەك خوش بولمايمىز. مەتتا بەزىلىرىمىز ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن «تەنقىدكە ئوچۇق بولغىنىنى» ۋە «ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىمالال تەنقىد قىلسا بولىدىغانلىقىنى، قاراشلىرىدىكى خاتالىرىنى/ قۇسۇرلىرىنى تىلغا ئېلىشى مۇمكىنلىكىنى تىلى بىلەن سۆزلىگەن بولسىمۇ؛ قىسقا ھايات تەجرىبىمىز بۇنداق سۆزلىگەن كىشىلەرنىڭمۇ تەنقىدكە ئۇچرىغاندا بۇنى ھەزىم قىلىشتا زورلانغانلىقلىرىنى، ئىچىدە ئۆزىنى تەنقىد قىلغان كىشىلەرگە غۇم ساقلىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. يەنى ئەسلىدە دەۋامىزنىڭ ئەكسىچە پىراكتىكىدا ھېچ بىرىمىز تەنقىدتىن خوش بولمايمىز. بولۇشى كېرەك بولغىنى تەبئىكى بۇنىڭ ئەكسىدۇر ۋە تەنقىدكە تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن جاۋاپ بېرىشتۇر؛ پەقەت ئىنسان بالىسىنىڭ نەزىرىيە بىلەن ئەمىلىيەتنى بىرلەشتۈرشى ۋە ھەرىكىتىنىڭ سۆزلىرىگە ئۇيغۇنلۇق ئىچىدە بولىشى ھېچ ئۇنداق قولاي بىر نەرسە ئەمەستۇر. ھالبۇكى ئەرەپچە تەنقىد كەلىمىسى بىلەن ئەينى كۆتەكتىن كەلگەن «نەقد»، «ئىنتىقاد» كەلىمىلىرى «مېتال پۇلنىڭ ھەقىيقىسىنى ساختىسىدىن ئايرىش، سۆزنىڭ گۈزەل ۋە نۇقسانلىق تەرەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئېنىقلاش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش» كەبى ئۆزىدىن ھەم «ئىجابىي» ھەمدە «سەلبىي» (نَقَرَهُ لِيَخْتَبِرهُ أَوْ لِيُمَيِّزَ جيده مِنْ رَدِيئِهِ) باھالاش ئۇقىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،[36] نىمىلا بولمىسۇن تىلىمىزدا بۇنىڭ پەقەتلا يېقىمسىز مەنىسى مىراس قالغاندۇر. ئىشارەت قىلغىنىمىزدەك بۇمۇ تۈركچىدىكى ئۇقۇم تارىيىشىغا دالالەت قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇيەردە بىزمۇ بىر ئۇقۇم تارىيىشىغا ئىشارەت قىلىش بىلەن باراۋەر، تەنقىدنىڭ لازىملىقلىرىنى قولىمىزغا ئېلىپ بۇ قىسىمدا كەلىمىنىڭ تۈركچىدىكى بۇ سەلبىي ئۇقىمىنى ئىلگىرى سۈرگەچ قوللىنىمىز. ۋە بىرىدىغان ئۆرنەكلەر بولۇشلۇقلام ئەمەس، مەنپى يۆنىلىشتىكى خۇلاسىلەردىنمۇ تەركىپ تاپىدۇ.

ھەدىس تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم كەلىمىلىرىنىڭ بىرىدىن «تەنقىد» ئىكەنلىكى مەلۇم. شۇنداقكى بۇ كەلىمە باشقا ئىلىم تارماقلىرىنىڭ ھەممىسىدىن بۇرۇنلا ئەڭ كۆپ، ھەدىس ئۇسۇلى ئىلمىدا يەر ئالغان ۋە «راۋى / رىجال تەنقىدى» ۋە «سەنەد»

---

[35] Bkz. Tenkit: Eleştirme, eleştiri. https://sozluk.gov.tr/ (19.05.2020 tarihli erişim)

[36] Bkz. İbn Manzûr, “nakd” md., III, 425; Zebîdî, *Tâcü’l-arûs,* “nakd” md., IX, 230; İbrahim Mustafa vd., *el-Mu‘cemü’l-vasît*, “nakd” md., II, 944; Er, “Tenkit”, *DİA,* XL, s. 458.

ئاتالغۇسى بولۇپ ئۆزىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئۇقۇمدا مۇھەممەد ئىبنى سىرىن (ۋ. 110 /729) «بۇ ئىلىم دىندۇر؛ شۇڭا دىنىڭىزنى كىمدىن ئالغانلىقىڭىزغا قاراڭ»[37] ؛ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك (ۋ.181/797) بولسا: «ئىسناد دىنىنىڭ جۈملىسىدىندۇر؛ ئىسناد بولمىغان بولسا؛ خالىغان كىشى ئۆزى خالىغان شەيئىلەرنى دېگەن بولاتتى!» دېگەن.[38] يەنى تەنقىدنىڭ بىر تۈرى ھەدىس ئۇسۇلى ئەنئەنىسىدىكى نامى ۋە مەنىدىشى بولسا، رىجال تەنقىدىدۇر. بۇ ئۇقۇمدا رىۋايەت ئەنئەنىسىدە رىجال تەنقىدى ماۋزۇسىدا ھەدىس ئىلمىنىڭ باشلامچىلىقىنى گەۋدىلەندۈرىمىز ۋە بۇ تىمىدا ھەقنى تاپشۇرىمىز كېرەك. ھەتتا دۇنيا تارىخىدا ھەدىس ئىلمى بىلەن تەڭلىشىدىغان ھەرقانداق بىر ئىلىم تارمىقى بولغان دەپ گۇمان قىلمايمىز. چۈنكى باشقا ئىلىم تارمىقىنىڭ ھېچ بىرىدە ھەدىس ئىلمىدە بولغاندەك كەڭ دائىرىلىك ۋە سېستىمىلىق بىر رىجال تەنقىدىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرمەك مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا ھەدىس ئىلمىنىڭ بۇ ماۋزۇدا باشقىلىرىغا پەۋقۇلئادە ئۈستۈنلىكى مۇشۇنداق ۋەزنىلىك بىر ھالەتنى بەرگەنكى، تارىختا بىر زامان ئىسنادلىق ھەدىس رىۋايەت ئەنئەنىسى باشقا ئىلىملەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، بەلكى ئۇلارنى مەجبۇر قىلىپ» نەقىلگە تايانغان خەۋەر- مەلۇمات يەتكۈزۈشتە» ۋە ياكى «بىر كىتاپنى باشلىغاچ» سەنەد قوللىنىش ئەنئەنىسىنىڭ تارقىلىشىغا ھەسسە قوشقان. بولۇپمۇ تۇنجى باسقۇچتىكى ھەدىس ئۇسۇلى،[39] تەپسىر،[40] ئەقىدە /كالام،[41] فىقھى،[42] سىيەر، /تارىخ،[43] تەسەۋۋۇپ،[44] شېئىر/ ئەدەبىياتقا[45] ئوخشاش ئىلىم شاخچىلىرىدا زامان-زامان كۆرگىنىمىز «سەنەد» قوللىنىلىشىنىڭ، ھەدىس ئۇسۇلىدا ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان بىر يەرگە كەلگەن، «خەۋەرنى سەنەدلىك نەقىل قىلىش» مەجبۇرىيىتىدىن تەسىر ئېلىنىپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى بىمالال سۆزلىيەلەيمىز. پەقەت ئەلۋەتتە باشقا ئىلىم شاخچىلىرىدا زىيادە رىجال تەنقىدى ئۇسۇلى ئەڭ مۇكەممەل شەكلى بىلەن كۆركەم گەۋدىلەنگەن.

ھەدىس تارىخىدا تەنقىد كەلىمىسى جەرھ ۋە تەئدىل ئىلمىنىڭ ئاساسلىق ئاتالغۇلىرىدىن بىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. باشقا بىر ئىپادە بىلەن ئېيتقاندا بۇ ئىلمىنىڭ ئومۇرتقىسى تەنقىدتۇر؛ يەنى ئۇ بولمىسا بۇنداق بىر ئىلمىنىڭ مەۋجۇتلىقىدىنمۇ سۆز قىلغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ ئاچچىق ۋە تىراگىدىيەلىك كۈنلەرنىڭ باشلىنىشى سانالغان ئوسمان ۋە ئەلى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) نىڭ شېھىت قىلىنىشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان «پىتنە»[46] باسقۇچىدىن كېيىن، پەيغەمبەر

---

[37] مۇسلىم، مۇقەددىمە، 5. بەت.
[38] مۇسلىم، مۇقەددىمە ;5 ھاكىم، معرفة علوم الحديث، 6. بەت
[39] Mesela bkz. Râmhürmüzî, *el-Muhaddisü'l-fâsıl,* s. 185 vd.; Hatîb el-Bağdâdî, *el-Câmi'u li ahlâki'r-râvî*, s. 6 vd.
[40] Mesela bkz. Süfyan es-Sevrî, *Tefsîr*, s. 41 vd.; Abdurrezzak *Tefsîru'l-Kur'ân,* I, 37 vd.; Taberî, *Câmi'u'l-beyân*, I, 115 vd.
[41] Mesela bkz. Beyhakî, *el-Esmâ ve's-sıfât,* s. 15 vd.; Muhammed b. Abdirrahman, *eş-Şerhu'l-müyesser*, s. 76.
[42] Mesela bkz. Ebû Yusuf, *Kitâbü'l-âsâr*, s. 1 vd; İmam Muhammed, *Kitâbü'l-Asl*, s. 5 vd; Şâfi'î, *el-Ümm*, I, 3 vd.
[43] Mesela bkz. İbn Hişam, I, 110 vd.; Vâkıdî, *Kitâbü'l-Meğâzî,* I, 1; Halife b. Hayyât, *Târîh*, s. 49 vd.
[44] Mesela bkz. İbn Ebi'd-Dünya, *Sıfatü'n-nâr*, s. 13 vd.; Kuşeyrî, *er-Risâletü'l-Kuşeyriyye,* I, 21, 24, 25.
[45] Mesela bkz. Bâhilî, *Dîvânü Zî'r-Rumme*, I, 3-5.
[46] «چاقىرىقچى» نىڭ ئىپادىسىگە قارىغاندا ئىسلام ئالىملىرى ئاساسەن ئوسمان (ۋ. 656/35، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن يۈز بەرگەن ئۇقتىسىغا چىققان قانلىق سىياسى بۆھراننى تۇنجى پىتنە دەپ قوبۇل قىلغان. بولۇپمۇ ئوسماننىڭ شېھىت قىلىنىشى ۋەقەسى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ۋە سىياسى لاگېرلارغا بۆلۈنۈشىگە يول ئاچقان، تېخىمۇ كېيىن سۈننى- شىئە ئىختىلاپىنىڭ كۆكلىشى بىلەن كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن پىتنىلەرنىڭ باشلانغۇچى سانىلىدۇ. غەربلىك تەتقىقاتچىلىرىنىڭ

ئەلەيھىسسالامغا ئائىت ھەدىسلەرنىڭ سەنەد زەنجىرى بىلەن بىرلىكتە نەقىل قىلىنىش مەجبۇرىيىتى بىلەن باراۋەر رىجال تەنقىدى ئىشىمۇ سىپىستىمىلىق ھالدا تەدبىقلىنىشقا باشلىغان. ئۇ زامانغا قەدەر بۇنىڭغا ئېھتىياج چۈشىشىنى كېرەك قىلىدىغان ھەر قانداق ئومۇمى بىر قالايمىقانچىلىق مۇھىتى بولمىغان. چۈنكى ساھابىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ھاياتتا ئىدى ۋە يالغانچىلىق بەك يېيىلمىغان ئىدى. قايسى بىر كىشى بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولغان ياكى بولمىغان ئىكەنلىكىنى بەك قولاي بىر شەكىلدە ھاياتتىكى ساھابىگە سوراپ تەكشۈرۈش ۋە تەكىتلەش ئىمكانى بار ئىدى. كېيىنچە بولسا ھالەت ئۆزگەرگەن ئىدى. ھەقىقەتەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس (ۋ. 687/68) «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بۇيرىدى، ئۇ مۇنداق دېگەن» دەپ، ھەدىس نەقىل قىلغان بۇشەير ئەل-ئەدەۋىدىن ھەدىس ئاڭلىمىغان ۋە بۇنىڭغا مۇنداق سەۋەپ كۆرسەتكەن: «ھەدىسكە يالغان ئارىلىشىشتىن بۇرۇن بىرسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق سۆزلىدى دېگەن زامان كۆزلىرىمىز ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى. پەقەت توغرا- يالغان دىمەستىن ئىختىيارى سۆزلەشكە باشلانغاندىن كېيىن بىلگەن شەيئىلەردىن باشقىسىنى ئالمايدىغان بولدۇق».[47]

يەنى ئىبنى ئابباسنىڭ سۆزلىگەنلىرىدىن چۈشەنگىنىمىزگە قارىغاندا، بىر زامانلار ئىنسانلار «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق ئەمىر قىلدى» دېگەن چاغدا دەرھال كۆزلىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتقان ساھابە- كىراملار پىتنە ۋەقەسىدىن كېيىن تونۇغان / تونۇمىغان ئىبارىسى جائىز بولسا ھەر ئالدىغا كەلگەن كىشىنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشى بىلەن بىرلىكتە پەقەتلا تونۇغان ئىنسانلاردىن ھەدىس ئېلىشقا باشلىغان. ئەينى شەكىلدە تابىئىندىن بولغان كاتتا ئالىم مۇھەممەد ئىبنى سىرىن (ۋ. 110/ 729):-

«لم يكونوا يسألون عن الإسناد فلما وقعت الفتنة قالوا : سموا لنا رجالكم ، فيُنْظَرُ إلى أهل السنة فيُؤْخذ حديثُهم ، ويُنْظَر إلى أهل البدعة فلا يؤخذ حديثهم»

«ئۇلار ئىلگىرى ئىسنادتىن سورىمايتتى، پىتنە زامانى بولغان چاغدا، بىزگە رىجاللىرىڭىزنى(راۋىلىرىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ھەدىس رىۋايەت قىلىڭ!) ئىسملاندۇرۇڭ! دېيىشتى. شۇڭا ئەھلى سۈننەتكە قارىلىپ، ھەدىسلىرى ئېلىنغان، بىدئەت ئەھلىگە قارىلىپ ئۇلارنىڭ ھەدىسلىرى ئېلىنمىغان ئىدى.»[48] دېمەك سۇرىتى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى پىتنە زامانىغا ۋە سەنەد قوللىنىلىشىنىڭ باشلانغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان.

بۇمۇ ھەدىستە رىجال تەنقىدى ھەركىتىنىڭ تەخمىنەن ھىجرى بىرىنچى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن باشلانغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە؛ ھەقىقەتەن بۇ تۇنجى بىر باسقۇچ بولغان. ئاساسەن ھەدىس تارىخىدا بەك بۇرۇن بىر باسقۇچتا

---

كۆپىنچىسىمۇ بۇ قاراشقا قېتىلغان ئىكەن سىھاچ بولسا (Schacht) تۇنجى پىتنىنىڭ، ئوسماننىڭ شېھىت قىلىنىشىدىن 89 يىل كېيىن ئەمەۋىي خەلىپىسى ۋەلىد ئىبنى يەزىد (ئىككىنجى يەزىد) نىڭ ئۆلتۈلىشى بىلەن (126 /744) ئوتتۇرىغا چىققانلىقى، بۇ ۋەقە ئۈستىدە مۇسۇلمانلارنىڭ زېھنىدە ئەمدى پەيغەمبەرنىڭ ياشىغان سۈننىتىنىڭ زاماندىن قالغانلىقى، بۇرۇنقى ياخشى كۈنلەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى قانائىتىگە كەلگەنلىكىنى قارار قىلغان. چاقىرقچى، «پىتنە»، د. ئى. ئې، 158. بەتكە قاراڭ.

[47] مۇسلىم، مۇقەددىمە ;4 دارمىي ، مۇقەددىمە 38 (no: 440). Ayrıca bkz. Yücel, *Hadis Usulü*, s. 196.

[48] مۇسلىم، مۇقەددىمە ;5 دارمىي، مۇقەددىمە 38 (no: 430).

باشلانغان بۇ «تەنقىد ئۇقىمىنىڭ» ئىسلام ئۈممىتىگە مەتتا پۈتۈن ئىنسانلىقىقا قۇرئان - كەرىم ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ۋەھيىنىڭ بىزگە يەتكۈزگۈچىسى ئورنىدا بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ بىر تۆھپىسى بولغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. پەقەت ۋەھيىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالا قۇرئاندا پات- پات ئىنسانلارغا ئەقىللىرىنى قوللىنىشىنى، ئاللاھنىڭ بايان قىلغان چەكسىز نېمەتلىرىنى خاتىرلىشىنى، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن ئاللاھقا قارشى نانكورلۇق قىلغان قەۋملەرنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلىرىنى ئويلاپ، ئۆزلىرىگە چەك-تەرتىپ بېرىشنى ئۈگەتكەچ، مۇشرىك ۋە كاپىرلارنىڭ، ئاتىلىرىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشلىرىنى ھەر پۇرسەتتە تەنقىد قىلغان. قۇرئاننىڭ ھەممىسىدە بولۇپمۇ مەككى سۈرىلەردە بۇ توغرىدا بەك كۆپ ئىبرەت كۆرنىشى ۋە ئاللاھنىڭ يۈزلەندۈرگەن تەنقىد ئوقلىرىنى تەڭكەش قىلىپ ئوقۇشىمىز مۇمكىن. تۆۋەندە بۇ ئۇقۇمدا ھەم قۇرئان-كەرىمدىن ھەمدە رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدىن بەزى ئۆرنەكلەر ھەمرالىقىدا تەنقىد ئۇقۇمىنى ۋە تەنقىدنىڭ قانداق قىلىنىشى كېرەكلىكىنى كۆرۈش ئىمكانىمىز بولىدۇ.

مەسىلەن مۇددەسسىر سۈرىسىدە يەر ئالغان مانا مۇشۇ ئىپادىلەر يۇقىرى دەرىجىدە دىققەت تارتىدۇ:

﴿ ذَرْنِي وَمَنْ خَلَقْتُ وَحِيدًا. وجعَلْتُ لَهُ مَالًا مَّمْدُودًا. وَبَنِينَ شُهُودًا. وَمَهَّدتُّ لَهُ تَمْهِيدًا. ثُمَّ يَطْمَعُ أَنْ أَزِيدَ. كَلَّآ ۖ إِنَّهُ كَانَ لِأَيَٰتِنَا عَنِيدًا. سَأُرْهِقُهُ صَعُودًا. إِنَّهُ فَكَّرَ وَقَدَّرَ. فَقُتِلَ كَيْفَ قَدَّرَ. ثُمَّ قُتِلَ كَيْفَ قَدَّرَ. ثُمَّ نَظَرَ . ثُمَّ عَبَسَ وَبَسَرَ . ثُمَّ أَدْبَرَ وَٱسْتَكْبَرَ. فَقَالَ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ يُؤْثَرُ. إِنْ هَٰذَآ إِلَّا قَوْلُ ٱلْبَشَرِ. سَأُصْلِيهِ سَقَرَ.﴾

«(ئى مۇھەممەد!) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبن مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردىم. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم. ئۇنىڭ ئابرويىنى ئۆستۇردۇم. ئاندىن ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىدۇ. ياق، (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابىمنى تېتىتىمەن. ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى. لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى؟. يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. ئاندىن ئۇ قارىدى. ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى، «بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى. ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) سالىمەن». [49]

بۇ ئايەت-كەرىملەردە ئاللاھ تائالانىڭ تەنقىدىگە ماۋزۇ قىلغان كىشىنىڭ مۇشرىكلاردىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ئەل- مەخزۇمى بولغانلىقى مۇپەسسىرلەر تەرىپىدىن قەيت قىلىنغان.[50] ئايەتلەردىكى ئىپادىلەرنى تېخمۇ دىققەت بىلەن ئوقۇغان ۋاقىتتا كۆرىمىزكى، ئاللاھنىڭ تەنقىدىگە مەقسەت قىلىنغان شەخس تەنقىد قىلىنغاندا، بۇ تەنقىدكە سەۋەپ بولغان ھەقلىق سەۋەپلەر زىكىر قىلىنغاچ تىمىغا باشلانماقتا. يەنى ئاللاھ ئۇ تىمىغا توختالغاندا مەقسىز يەرگە ۋە ياكى ئادالەتتىن يىراق سەۋەپلەر بىلەن تەنقىد قىلمىغاندۇر. تەنقىدكە تىما بولغان بۇ ئىش-ھەرىكەتلەر؛ شەخسنىڭ ئۆزىگە بەك كۆپ نېئمەتلەر (بايلىق، ئوغۇللار، ئىمكانلار) بېرىلگىنىگە چۈشلۇق تۈزكورلۇق بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنچىكىسىدىن

---

[49] سۈرە مۇددەسسىر، 74/ 10-25. ئايەت.

[50] Mesela bkz. Taberî, *Câmi‘u’l-beyân*, XXIII, 19; Kurtubî, *el-Câmi‘u li ahkâmi’l-Kur’ân,* XIX, 71; İbn Kesîr, *Tefsîru’l-Kur’âni’l-azîm*, VIII, 267.

ئىنچىكىسىگە ئۆلچەپ پىچىپ، تەكرار-تەكرار ئويلاپ، يۈزىنى ناخوشلاشتۇرۇپ، قاشلىرىنى چىتىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، يوغانچىلىق قىلىپ، بۇلارنى بىر سېھىر ۋە ئىنسان سۆزى دەپ باھالاپ (ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى) ئىنكار قىلىشىدۇر. ئۇ كىشىنىڭ تۇتقان بۇ پوزىتسىيەلىرى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا قاراتقان تەنقىدىگە سەۋەپ بولغان ۋە نەتىجىدە ئۇ كۆيدۈرگۈچ بىر ئازاپ بىلەن تەھدىد قىلىنغاندۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ، بىر تەرەپتىن بىۋاستە ئۆزى تەنقىد قىلغاچ يەنە بىر تەرەپتىن-دە بىزلەرگە بۇنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتكەن. يەنى؛ ﴿ٱدْعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِٱلْحِكْمَةِ وَٱلْمَوْعِظَةِ ٱلْحَسَنَةِ﴾، «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز . نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن»،[51] دىگەچ مۇنازىرىگە كىرىشنى ئۆگەتكەن. ئەمىلىيەتتە بىۋاستە ئۆزىمۇ شۇنداق قىلغان ۋە تەنقىدنى دائىم ھەقلىق سەۋەپلەرگە تاياندۇرغان.

يەنە قۇرئاندا ماقالىمىزغا ماۋزۇ بولغان تەنقىد ئۆرنەكلىرىدىن بىرىنى ئۇلۇغ ئاللاھ بىزلەرگە پەيغەمبىرى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن چۈشەندۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭغا قارىغاندا سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قول ئاستىدىكى ھۆپۈپ ئىسىملىك قۇش ئارىدىن غايىپ بولۇپ-دە ئۇنى كۆرمىگىنىدە؛ ﴿لَأُعَذِّبَنَّهُ عَذَابًا شَدِيدًا أَوْ لَأَذْبَحَنَّهُ أَوْ لَيَأْتِيَنِّي بِسُلْطَانٍ مُّبِينٍ .﴾ «ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلايمەن، يا چوقۇم (يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاقلايدىغان) بىر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ» دەپ، تەھدىد سالغان ۋە تەنقىدنى ئۇنىڭغا قاراتقان؛ ھۆپۈپمۇ ئۇنىڭغا سەبەئ مەلىكىسىنىڭ (بىلقىس) ۋە ئۇنىڭ جامائىتىدىن مۇھىم خەۋەرلەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى تاشلاپ قۇياشقا چوقۇنغانلىقىنى ۋە ھەكەزالارنى ئاگاھلاتقان.[52] بۇ يەردە تېمىمىز نۇقتىسىدىن مۇھىم بولغان خۇسۇس بولسا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولغانلىقى ئۈچۈن قول ئاستىدىكى ھۆپۈپنى تەنقىد قىلىشى ۋە تەنقىدنىڭ تەقەززاسى بويىچە جازا بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئورۇنلۇق بىر ئۆزۈر تەلەپ قىلغان. يەنى تەنقىد ھەق ۋە ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. نەتىجىدە ئۇمۇ جازانى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان ئورۇنلۇق بىر سەۋەپ ئوتتۇرىغا قويغىنىدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنى جازالاندۇرىدىغان يولغا كەتمىگەن، ھەقتىن ئايرىلمىغاندۇر.

قۇرئاندىكى تەنقىد ئۆرنەكلىرىدىن بىرىدىمۇ ئىبراھىم پەيغەمبەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ چوقۇنغان بۇتلىرىنى پالتا بىلەن بىر- بىرلەپ چىقىۋەتكەندىن كېيىن ئەڭ چوڭىنى چاقماي پالتىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغان ئىدى. بىر مۇددەت كېيىن ئىنسانلار كەلگىنىدە ئىبراھىم پەيغەمبەر ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن يالغۇز قويىدۇ ۋە ئۆزى بىلەن ھېساپلىشىش ھالىتىگە كەلتۈرىدىغان جاۋاپلارنى بەرگەن ئىدى، قىلغان زۇلمىنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانلىرىدا مۇنداق ئېتىراپ قىلىش مەجبۇرىيىتىدە قالغان ئىدى.

[51] نەھىل سۈرىسى،16/ 125. ئايەت.
[52] نەمىل سۈرىسى، 27 /21. ئايەت.

﴿فَرَجَعُوٓاْ إِلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ فَقَالُوٓاْ إِنَّكُمۡ أَنتُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ﴾. ئۇلار بىر . بىرىنى ئەيىبلەپ: «(سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتا) ھەقىقەتەن زالىمسىلەر» دېدى. [53] پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچكى دۇنيالىرىدا ھىساپلاشقانلىرى بىر ئىشقا يارىمىغان ۋە ئىبراھىمنى ئەيىپلەشكە داۋام قىلغان ئىدى. تېمىمىز نۇقتىسىدىن بۇ ۋەقەنىڭ بىزنى تېخىمۇ بەك ئالاقىدار قىلغان تەرىپى؛ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتقا چوقۇنغان بىر قەۋمنىڭ قىلغانلىرىغا رازىلىق كۆرسەتمەي ئۇلارنى تەنقىد قىلىشى، بۇ تەنقىدنى قاراتقاندا پالتا كەبى سىمۋوللۇق بىر ۋاستە بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆز ۋىجدانلىرى بىلەن ھىساپلىشىشنى تەمىنلىشى ۋە بۇنىڭدىنمۇ ئىجابىي جاۋاپ ئېلىشىدۇر. ئەپسۇس ۋىجدانلىرى توغرا سۆزلىگەن ئۇ ئىنسانلار، ئېھتىمال جەمىيەت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن سالاھىيىتىنىڭ تەۋرىنىپ كېتىشىدىن قورقىقانلىقلىرى ئۈچۈن ئىبراھىمغا قارشى تۇرۇشقا داۋام قىلغان ئىدى. بۇ ۋەقەدىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسلانغان بىر تەنقىد ئېڭى ۋە تەنقىدىي قاراش ئۆرنىكى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ تەنقىد مېتۇدىنىڭ ئەڭ گۈزەل يول بىلەن ئىجرا قىلىنغانلىقى دىققەت تارتماقتا. بۇ ۋەقەنى چۈشىنىش سۈرىتى بىلەن ئاللاھ تائالا بىزلەرگە تەنقىد ئېڭىنى نىسىپ قىلغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىزدىنمۇ ئەينى ھەرىكەتنى كۈتكەن.

قۇرئان- كەرىمدە ئەڭ گۈزەل تەنقىد ئۆرنەكلىرىدىن پات-پات بىزلەرگە مىساللار كەلتۈرگەن ئاللاھ تائالانىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملىنىمۇ تەنقىد قىلغانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز. ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبەسە سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەپ بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا قارىتا پوزىتسىيەسى[54]؛ ئۇرۇشقا قېتىلىشنى خالىمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزۈر بايان قىلغان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە رۇخسەت بېرىشى [55]؛ تىجارەت كارۋىنىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر ئالغان بەزى ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خۇتبە ئوقۇۋاتقان، ئۆرە تۇرغان ھالىتىدە تاشلاپ كەتكەنلىكلىرىنى،[56] ئاللاھنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان ئىش- ھەرىكەتلەر جۈملىسىدىن خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئۆرنەكلەردۇر. بۇ ئۆرنەكلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇلۇغ ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئوخشىمىغان ۋاستىلەر بىلەن بەك كۆپ قېتىم ماختىشىغا سازاۋەر قىلغان مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسۇن[57] مەيلى ساھابىنىڭ[58] بەزى پوزىتسىيەلىرىنىڭ ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەنقىدكە تېما قىلغان بولسۇن، بۇ تەنقىدنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىزلەرگە تەنقىد ئېڭىغا دائىر مۇھىم دەرسلەرنى بەرگەندۇر.

[53] ئەنبىيا سۈرىسى، 21 /62-65. ئايەت.

[54] ئەبەسە سۈرىسى، 80/ 1. ئايەت

[55] تەۋبە سۈرىسى، 9 / 43. ئايەت.

[56] جۇمە سۈرىسى 62 /11. ئايەت.

[57] مەسىلەن: (ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن» قەلەم سۈرىسى، 68 /4. ئايەت. «سىلەرگە .ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە .رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» ئەھزاب سۈرىسى، 33 / 21. ئايەت.

[58] مەسىلەن: «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر؛ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بولغانلار كاپىرلارغا قارشى بەك شەپقەتسىز، ئۆزئارا بولسا بەكمۇ رەھىمدىل ئىدىلەر...»(فەتىھ سۈرىسى، 48 /29)؛ ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن ئاللاھ رازى بولدى، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدى.» تەۋبە سۈرىسى، 9/ 100. ئايەت.

ئەلۋەتتە بۇ يەردە قۇرئاندا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تەنقىد تىمىسى قىلىنغان پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلەرنى بىر-بىرلەپ قاتارغا تىزىشتەك بىر غايىمىز ۋە ئىمكانىمىز يوقتۇر. سۈرە فاتىھەدىن سۈرە ناسقا قەدەر پۈتۈن سۈرىلەرگە باشتىن ئاخىرغىچە قاراپ چىقىلغاندا مۇشرىك، كاپىر، مۇناپىق، يەھۇدىي، خىرىستىئان، ۋە باشقا بەك كۆپ خىتاپ قىلىنغۇچىلارنىڭ، بىر شەكىلدە تەنقىد قىلىشقا ماۋزۇ بولغان پوزىتسىيەلەرنىڭ بولغانلىقىنى بىمالال كۆرەلەيمىز. بىزنىڭ بۇ يەردە ئىشارەت قىلماقچى بولغان ئەسلى نۇقتا، مۇمىنلەر سۈپىتىدە بىزلەرگە تەنقىد ئېڭىنى ئەملىگەن، تەنقىدىي قاراش ۋە بۇنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن زاتنىڭ بىۋاستە ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئۇرغۇتماقتا. ئۇلۇغ ئاللاھ تەنقىدكە تىما قىلغان پۈتۈن ماۋزۇلارنى، سەۋەپلەرنى ۋە ئاساسلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەق ۋە ئادالەتتىن ئايرىلمىغانلىسىنىمۇ داۋاملىق تەكىتلىگەن. مانا بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان سەۋەپ كۆرسىتىش ئەملىيىتىمۇ بىۋاستە تەنقىدىي چۈشەنچىنىڭ ئەڭ مۇھىم باسقۇچلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلماقتا.[59]

بولۇپمۇ بۇ ئاڭدا تەنقىد پائالىيەتلىرىنى تۈنجى باشلاتقان ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىزدۇر. بۇ تەنقىدنى قىلغاندا ئاللاھ تائالا، دائىم بىر ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئۇرغىسىدا بولۇپ، زۇلۇمدىن يىراق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنى مۇستەسنا قىلىپ، خىتاپلانغۇچىلارنى ئۆز ئىچكى دۇنيالىرى، ئۆز ۋىجدانلىرى بىلەن يالغۇز تاشلاپ قويغان؛ ئاقىۋىتىدە ئۇلارنى ئىچكى ئالەملىرىدە ھېساپلىشىشقا دەۋەت قىلغاچ، بىر قىسىم ئەمەللىرىگە قارىتىلغان تەنقىدلەرنىڭ ھەقلىق بىر يەرگە ئورۇنلاشقانلىقىنى بىۋاستە ئۆزلىرىگە سۆزلىتىدۇ ۋە ئىتراپ قىلدۇرىدۇ. تېخىمۇ ئوچۇق بىر ئىپادە بىلەن ئېيتقاندا ئاللاھ تائالا تۇزكورلارنى تەنقىد قىلىپ ئەيىپلىگەن پەقەت بۇنىڭ ھەقلىق سەۋەپلىرىنى ۋە ئاساسلىرىنىمۇ مۇتلەق ئوتتۇرىغا قويغان؛ تەنقىدلىرىنى ھەققانىيەتتىن ئۇزاق بىر شەكىلدە قاراتمىغان، ئۆزىنىڭ ئىچ دۇنيالىرىغا قايتىپ ئىنچىكە ھېساپلاشقان چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئەسلا زۇلۇم قىلمىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدىغانلىقىنى پات-پات ئەسلەتكەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ھاياتىدا ساھابىلەرنىڭ بەزى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى پات-پات تەنقىد قىلىپ تۇرغان؛ بۈيۈك بىر تەربىيەچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىزلەرگە تەنقىدنىڭ قانداق قىلىنىشى كېرەكلىكىگە دائىر ئۆز ھاياتىدىن ئۆرنەكلەر سۇنغان. مەسىلەن، ساھابىدىن ئۈچ كىشىنىڭ بىر يەرگە كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىنى يېتەرسىز كۆرۈپ، ئۆزىنى تەنقىد قىلىشلىرى نەتىجىسىدە ئالغان بەزى قارارلارنى (داۋاملىق روزا تۇتۇش، كېچىچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىش ۋە ئايالларغا يېقىنچىلىق قىلماسلىق دېگەندەك) رەسۇلۇللاھ خۇتبىگە چىققان بىر ئەسنادا ئىسمىنى ئاتىماستىن تەنقىد قىلغان ۋە ئۇلارغا

---

[59] Bkz. Eyüpoğlu-Kurt, "İtaat Kavramının Gerekçeleri Açısından Kur'an'ın Eleştirel Düşünceye Bakışı", ss. 347-378. Yazarların tespitine göre Kur'an'ın, benimseme düzeyinde bir tutum değişimi için muhataplarını rasyonel, ahlakî, hukukî-siyasî, psikolojik ve sosyolojik açıdan tatmin edici gerekçelerle itaat veya ittibaya çağırdığı görülmektedir. Bu nedenle Kur'an'ın, doğru ve haklı olanın tespitini yapma amacı taşıyan tüm eleştirel düşüncelere açık/uygun olduğu ve hatta bu türden eleştirel düşünceyi metot edindiği için onu dolaylı olarak da emrettiği anlaşılmaktadır (s. 347, 355-357). Makalede Kur'an'da geçen itaat ve ittibaya ilişkin taleplerin gerekçelerinin, a) *rasyonel açıdan* iç tutarlılığı (akla yatkınlığı; doğruyu); b) *ahlakî açıdan* iyiyi; c) *bilimsel açıdan* tüm nesnel/müspet esbaba tevessülü; d) *hukukî-siyasî açıdan* meşruluğu (örfe uygunluğu); e) *psikolojik açıdan* ruhsal tatmini (ölümsüzlük arzusunu); f) *sosyolojik açıdan* toplumsal huzuru/refahı ve g) *sosyal-psikolojik açıdan* da benimseme düzeyinde bir tutum değişimini sağlayıcı niteliklere sahip olduğu sonucuna ulaşılmıştır (s. 365, 374).

تەربىيە قىلغان. بۇ مەنادا ئۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىرىدىن ھەر كۈن روزا تۇتقىنىغا، يەنە بىرىنىڭ كېچىلىرى ھېچ ئۇخلىمىغانلىقىغا ۋە ئاخىرقىسىنىڭ ئاياللاردىن جىنسى مۇناسىۋەت جەھەتتىن يىراق تۇرىدىغانلىقىغا دائىر ئالغان قارارىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ «كىم مىنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە مەندىن ئەمەس» دېگەن مەدىسىگە قارشى كۆرۈلگەنلىكىنى خاتىرلەتمەكچىمىز.[60] بولۇپمۇ ساھابىلەرنىڭ ئوتتۇرا يولى سەل قارىلىپ، سۇسقۇنلۇق ۋە ئاشقۇنلۇققا چۈشۈپ قېلىشلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ كۆپ تەنقىد قىلغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

يەنە ساھابىلەرگە ھەج قىلىش توغرىسىدا سۆزلىگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدىن بىرىنىڭ «ھەر يىلمۇ؟» شەكلىدىكى چېكىتۇرغان ھالدىكى سۇئاللىرىنىڭ[61] «ئۇلاپ روزا تۇتۇش» تا چېكىتۇرغان بەزى ساھابىلەرنىڭ قىلغانلىرىنىڭ [62]؛ ئېھتىمال ياز ئىسسىقىدا يولۇچىلىق ھالىتىدە رامىزان روزىسىنى تۇتمىسا بولىدىغانلىقى يۈنىلىشىدىكى تەلىماتلىرىغا ئوخشاش، رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغان بىر ئىشنى قىلىشتىن ئۇزاق تۇرغان ۋە ئۇنى دىققەتكە ئالمىغان ساھابىلەرنىڭ پوزىتسىيەلىرىنىڭ [63]؛ قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى داۋاملىق تەكرارلىغان سۇئاللىرىنىڭ؛[64] ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە مەدىنىنىڭ ئەڭ زاھىد خانىمى بولۇپ بىلىنگەن ئەسەد جەمەتىدىن خەۋلە ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ كېچە ئۇخلىماي قىلغان نامازلىرىدىن مەدھىيە بىلەن زىكىر قىلىشىنىڭ،[65] ۋە باشقىسىنىڭمۇ «ئاشقۇنلۇق» كۆرۈلۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ  تەنقىدىدىگە ئۇچرىغان ماۋزۇلاردىن ئىكەنلىكىنى دېيەلەيمىز. بۇ ئۆرنەكلەرنىڭ سانىنى تېخىمۇ ئاشۇرالىشىمىز مۇمكىن. دىققەت قىلىنسا بۇ تەنقىد نۇقتىلىرىنىڭ ھەر بىرىدە «ئىستىقامەت ۋە ئادالەت دېيىلگەن ئوتتۇرا يولدىن  چىقىپ كىتىش» بولدىغانلىقى سەۋەپلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن  تەنقىد قىلىشقا سۆز تېمىسى بولغان.

دىققەتنى تارتىدىغان يەنە بىر ئۆرنەكتە ئۇقۇلغىنىغا قارىغاندا؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈن كۈيئوغلى ئەلى ۋە قىزى پاتىمەنى بومدات نامىزىغا تۇرغۇزماق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشىكلىرىنى قىقىپتۇ-دە ئەلى: «ئەي ئالالاھنىڭ ئەلچىسى! روھلىرىمىز ئالالاھنىڭ قولىدا؛ ئۇ خالىغان زاماندا بىزلەرنى ئويغىتار» دەپ، سۆز ياندۇرغان. ئۇنىڭ بۇ جاۋابىغا ھېچ قانداق بىر رەددىيە بېرىش كېرەكلىكىنى ھىس قىلمىغان، لېكىن قاتتىق قايغۇرغان ۋە خەۋپسىرىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ﴿ و كان الإنسان أكثر شيئ جدلا .﴾ «ئىنسان كۆپ دەتالاش قىلىدۇ (يەنى كۆپ جېدەللىشىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر)»[66] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ ھەمدە

---

[60] Mesela bkz. Buhârî, Nikah 1 (no: 4776); İbn *Fethu'l-bârî*, I, 81; Aynî, *Umdetü'l-kârî*, XX, 65-66 (no: 3605).

[61] تىرمىزىي، ھەج، 5 (814-نومۇر)؛ تەپسىرۇل-قۇرئان، 6(3055-نومۇر)؛ ئىبنى ماجە، مەناسىك، 2 (2884، 1885- نومۇر).

[62] Buhârî, İ'tisâm 5 (no: 6869); Ebû Dâvud, Sıyam 24 (no: 2360, 2361); Tirmizî, Savm 62 (no: 778).

[63] Buhârî, İ'tisâm 5 (no: 6871); Müslim, Fezail 127 (no: 2356); İbn Battâl, *Şerhu Sahîhi'l-Buhârî*, IX, 286-287; İbn Hacer, *Fethu'l-bârî*, X, 513.

[64] Mesela bkz. Humeydî, *Müsned*, II, 502; İbn Ebî Şeybe, *Musannef*, VII, 502-503; Buhârî, İlim 2 (no: 59), Fezâilu's-sahâbe, 6 (no: 3485); Müslim, Fiten 136.

[65] Mesela bkz. Ahmed, *Müsned*, XL, 290 (24245); Buhârî, İman 31 (no: 43); İbn Mâce, Zühd 28 (no: 4238); Nesâî, Kıyâmü'l-leyl 17 (no: 1642); Zürkânî, *Şerhu'z-Zürkânî alâ Muvattai İmam Mâlik,* I, 347 (no: 63); Aynî, *Umdetü'l-kârî*, XI, 346-347 (no: 1511).

[66] كەھف سۈرىسى، 18 /54. ئايەت.

ئاياقلىرىنى قاقشاچ قايتىپ كەتكەن ئىدى.[67] بۇنداق قىلىش بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىنسان ئوغلىنىڭ نانكورلىقىغا دىققەت تارتقان؛ تەشەككۈر ئېيتىلىشى كېرەك بولغان بىر ھالەتكە جىدەل بىلەن سۆز ياندۇرۇشىغا كايىغان. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۆرنەكتە تەنقىدكە قارىتا ئىش- ھەرىكەتلەرنى چىقارغان ھەر كىم، مەيلى قىزى، كۈيئوغلىدەك يېقىنى ۋە ياخشى كۆرگەن كىشىلىرى بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زۆرۈر تېپىلغاندا تەنقىدتىن ئەسلا نېرى تۇرمايدىغانلىقى دىققىتىمىزنى تارتماقتا.

تېمىمىز نۇقتىسىدىن پۈتۈن بۇ ئۆرنەكلەرنىڭ پايدىسى، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ قىلغىنى ۋە ئۆگەتكىنىدەك، بىۋاستە رەسۇلۇللاھنىڭمۇ پات-پات تەنقىدچى بىر قاراشنى يايغانلىقى ماۋزۇسىدا ئوچۇق ئۇچۇرلارنى بەرگەن.

ئۆز ھاياتىدا تەنقىدىي تەربىيەنىڭ بەك گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى بەرگەن رەسۇلۇللاھنىڭ تەربىيەسىدە يېتىشكەن ساھابە-كىرامنىڭمۇ، ئەلۋەتتە بۇ تەربىيەدىن نېسىۋىلىرىگە چۈشكىنىنى ئالغانلىقىدىن شۈبھە يوقتۇر. نىمىلا بولمىسۇن، ساھابىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭمۇ بۇ تەنقىدىي ئاڭنىڭ ئۆرنەكلىرىگە ئانچە-مۇنچە يولۇقۇپ قالىمىز. ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئاشكارىلاشتا پايدا باركى، ساھابىنىڭ تەنقىدچى ئېڭى بىلەن تېخىمۇ كۆپ باش رولغا چىققانلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرلۇك تەتبىقلىرىغا لەپزى ۋە شەكىلچى يېقىنلاشقان كىشىلەر ئەمەس، فىقھى ۋە ئىجتىھادىي يېقىنلىشىشنى تەكىتلىگەن مۇجتەھىد ساھابىلەر بولغان.[68] رەسۇلۇللاھمۇ پات-پات بەزى قىزىقىشلىرى سەۋەپلىك بىۋاستە ئۆزىگە قارىتا ساھابىنىڭ تەنقىدىگە ئاۋاز چىقارمىغانلىقىغا ئوخشاش، مەسىلەن؛ «سىز كىم بولسىز- دە مىنى تەنقىد قىلىۋاتىسىز؟! مەن بىر پەيغەمبەر ھەددىڭىزنى بىلىڭ!» كەبى بىرەر قاتتىق پوزىتسىيە كۆرسەتمىگەن، ئەكسىچە ئۇلارنى كەڭ قورساقلىق بىلەن قارشى ئالغان. بۇ ماۋزۇدا ئەقلىمىزگە تۇنجى كەلگەن ئۆرنەك ھۇدەيبىيە كېلىشىمنامىسى ئەسناسىدا ساھابىدىن بەزىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنكاس بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىشتا كېچىكىپ قېلىشى بولغان. ساھابىلەر مەدىنىگە تەخمىنەن 500 كىلومېتىر مۇساپىدە بولغان ۋە ئۇ كۈننىڭ شەرتلىرىدە بارغانسىرى قىيىن يولۇچىلىق مۇشەققەتلىرىگە چىداپ ھاياجان ئىچىدە يېتىپ كەلگەن مەككىگە كىرىشكە تەييارلىنىۋاتقان ئىدى. نىمىلا بولمىسۇن، قىسقا مۇددەتلىك ئۆمرە زىيارىتى مەقسىدى بىلەن كىرىشلىرىنىڭ مۇشرىكلەر تەرىپىدىن توسۇلىشى؛ ئىسلامنى تاللىغان ۋە دادىسى سۇھەيل ئىبنى ئەمىردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ مۇسۇلمانلاردىن پاناھلىق تىلىگەن ئەبۇ جەندەلنىڭ كاپىرلارغا قايتا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلىشى ۋەھەكەزالار. ئېغىر شەرتلەرگە قارىتا پەيغەمبەر ئالايھىسسالام مۇسۇلمانلارغا سەبىر تىلەپ، بىتىم ماددىلىرىنى ئىمزالىغان؛ ئاقىۋەتتە مۇسۇلمانلارغا قۇربانلىقلىرىنى كىسىپ، چاچلىرىنى چۈرۈشكە بۇيرۇغان. پەقەت ساھابە-كىرام ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى ئورونداشقا ھەمدەم بولمىغان ۋە بۇنداق بىر بىتىمنى ئىمزالىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى

---

[67] Buhârî, İ‘tisâm 18, no: 6915; Müslim, Salâtü’l-müsâfirîn 206 (no: 775); Nesâî, Kıyâmü’l-leyl 5 (no: 1611).

[68] بۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپمۇ ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئەڭ باشتا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا راشىد خەلىپىلەر، تۆت ئابدۇللاھ، ئائىشە، ئۇبادا ئىبنى سامىت، ئەلى، زەيد ئىبنى سابىت، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ۋە ئىبنى ئاباسنىڭمۇ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. ئۆرنەكلەر ئۈچۈن بۇ كىتاپقا قاراڭ؛ Âşık, *Sahabe ve Hadis Rivayeti* s. 250-251; Erul, *Sahabenin Sünnet Anlayışı,* s. 129-134; Tsilig-kir, “Hanefilere Göre Haberin Kıyasa Aykırı Olması…”, s. 74.

تەنقىدلەشتىن نېرى تۇرمىغان. لېكىن بىر مۇددەت كېيىن ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىزنىڭكى ئىشارىتى ۋە تەۋسىيەسى بويىچە ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى قۇربانلىقنى كەسمىش ۋە چېچىنى چۈشۈرۈپ، ئارقىسىدىنلا ساھابىنىڭ ھەربىرى نەدە بولمىسۇن ئاچچىغىدىن بىر-بىرلىرىنى ئۆلتۈرگىدەك بىر روھى ھالەت ئىچىدە بىر-بىرلەپ پەيغەمبەر ئالايھىسسالامنىڭ ئەمرلىرىنى ئورۇندىغان ئىدى.[69] تېمىمىز نۇقتىسىدىن بۇ ۋەقەلىكنىڭ پايدىسى، ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئالايھىسسالامنى تەنقىد قىلىش جۈرئىتىنى كۆرسىتىش بولغىنى ۋە بەلكى بۇنىڭدىن تېخىمۇ مۇھىملىقى ئۇلارنىڭ بۇ تەنقىدلىرىگە بىۋاستە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىمكان بىرىپ يول قويىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشىدۇر.

يەنە بەزى ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قىسىم ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆزىنىڭ كاللىسىدا ئۆلچەپ تارتىپ تەنقىد قىلىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋەھيى بولۇپ بولمىغانلىقىنى سوراشلىرىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. مەسىلەن؛ ئائىلە بويىچە قۇل ياشىغان مۇغىيس ئىسىملىك ساھابىنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن توختامىلىشىش ئارقىلىق ئەركىنلىكىگە ئېرىشكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ يولدىشىدىن ئاجرىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بايان قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاجراشماسلىقنى سۆزلىگەن ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، كوچىلاردا ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆز يېشى تۆككىدەك دەرىجىدە ئايالىنى ياخشى كۆرگەن مۇغىيسمۇ ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشنى خالىمايتى. ئەمما بەرىيرە، ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا سۆزلىگەنلىرىنىڭ بىر بۇيرۇق ياكى ئەمەسلىكىنى سورىغان، كېيىن بۇيرۇق ئەمەسلىكىنى پەقەت ئۆزىنىڭ سالاچىلىق قىلغانلىقىنى بىلگىنىدە «مىنىڭ بۇ تۇغرىسىدا ئۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق!» دەپ، قاراردىن ۋاز كەچكەن. بۇ مىسال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر مەسىلىدىكى تاللىشىنىڭ/ ۋە كۆرسەتمىسىنىڭ، ھەمدە قۇللۇقتىن تېخى يېڭى قۇتۇلغان بىر ئايال ساھابى تەرىپىدىن قانداق رەت قىلىنغانلىقىنى ۋە تېخىمۇ نېرىسى بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالىغانلىقىنى كۆرسىتىشى نۇقتىسىدىن بارغانسېرى دىققەت تارتىشقا ئەرزىمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ھاياتىدا تەتبىقلاش خاراكتېرلىق ساھابە- كىرامغا ئۆگەتكەن تەنقىدي ئۇقۇم ۋە كەڭ قورساق بولۇش سىرتىدا باشقا بىر ئىزاھات بىلەن بۇنى ئوچوقلاش مۇمكىن ئەمەستۇر.[70]

ساھابىدىن تەنقىد قىلىشتا زېھنىمىزگە كېلىدىغان ئالدىنقى قاتاردىكى ئىسىملىردىن بىرى شۈبھىسىز ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەك كۆپ مىسالنىڭ زىكىر قىلىنىشى مۇمكىن بولۇش بىلەن بىرلىكتە بىز ئىككى شەخسنى خاتىرلىتىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. بىر قېتىمدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئىملاس» يەنى ھامىلدار بىر ئايالنىڭ قورسىقىغا ئۇرۇلۇپ بالىسىنىڭ چۈشىرىۋېتىلىشى ھالىتىدە، بۇنىڭغا سەۋەپ بولغان كىشىنىڭ جازاسى (قىساسى ئىجرا قىلىنىپ-قىلىنماسلىقى ۋە ياكى قانداق بىر ھۆكۈم بىرىلىشى كېرەكلىكى ۋە باشقىلار...) تىمىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر سۆز تۇيۇپ- تۇيمىغانلىقىنى

[69] Abdurrezzak, *Musannef*, V, 340 (no: 9720); Ahmed, *Müsned*, XXXI, 251 (no: 18928); Buhari, Şurût 15 (no: 2581). Ayrıca bkz. Erul, *Sahabenin Sünnet Anlayışı,* s. 140.

[70] Mesela bkz. Buhârî, Talâk 15 (no: 4979); Ebû Dâvud Talâk 19 (no: 2231); Nesâî, Âdâbü'l-Kudât 28 (no: 5417).

سورىغاندا، ئۇ يەردە بولغان مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە، مەئە دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ توغرىدا جازا ھىساۋىدا ئۇنئۇملۇك ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن بىر شەيئى، يەنى قۇل ياكى دېدەك ئازاد قىلىشنى فىدىيە قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. نىملا بولمىسۇن بۇنداق جىددى بىر مەسىلىدە ئىشنى پۇختا قىلماقچى بولغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇغىيرەدىن ئالدىراپ كەتمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنى كۈچلەندۈرىغان بىر دەلىل ياكى گۇۋاھچى ئەكىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەپلىك ئۇمۇ تەشۋىشلىنىپ كىتىدۇ ۋە ئوخشاش مەسىلىگە گۇۋاھچى بولغان مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى ئەكىلىپ، ئەمۋالنىڭ روشەنلىشىشىگە ياردەمچى بولىدۇ ۋە ئۆمەرنىڭ تەنقىدچى قاراشلىرىدىن ۋە تەنقىدلىرىدىن قۇتۇلغان.[71]

يەنە ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بەك ئالدىراش بولغان بىر ۋاقىتتا يېنىغا كېلىپ، ئىشىكىنى قاقىقان، لېكىن بىر مۇددەت كىيىن ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەي ئۇ يەردىن ئايرىلغان ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى يېنىغا چاقىرىپ نىمە سەۋەپتىن بۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغان؛ ئۇمۇ مۇشۇنداق ئەمىر قىلىنغانلىقلىرىنى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ توغرىدا بىر سۆز ئاڭلىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر ئىشىكنى ئۈچ قېتىم قېقىپمۇ ئىچىگە كىرىشكە رۇخسەت بېرىلمىسە قايتىپ كىتىشنى بۇيرۇغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئاز قوپال ئۇسلۇپ بىلەن ئۇنىڭدىن گۇۋاھچى تەلەپ قىلغان چاغدا؛ ئەبۇ مۇسا، ئەبۇ سەئىد خۇدرىينى گۇۋاھچى قىلىپ كۆرسىتىش بىلەنلا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا- پېشىنى قۇتۇلدۇرغان ئىدى.[72]

بۇ ئىككى ئۆرنەكمۇ، ياخشى بىر باشقۇرغۇچى سۈپىتىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىكى تەنقىد ئېڭىنى ۋە ئۇنىڭ بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىسناد قىلىنىپ بىر تۈرلۈك رەسمىيەت بېرىلگەن جىددى مەسلىلەردە ئېلىپ كىلىنگەن خەۋەرلەرنى مۇتلەق تەنقىد سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈپ تەتقىق قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ بەك ئوچۇق بىر شەكىلدە كۆرسەتكەن. ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك گۈزەل بىر ئۆرنەك يەنە مۇجتەھىد ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس بولۇپ، ئىبنى ئاببباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن كىيىنچە يەنى تابىئىلار زامانىسىدا، ئەھلى كىتاپلار بىلەن قويۇق بىر مۇناسىۋەت ھالىتىدە بولغان ۋە ئۇلارنىڭ دىنى ئادەملىرىگە سۇئاللار سورىغان كىشىلارگە ئېغىر تەنقىدلەردە بولغان. ئەمىلىيەتتە ئىبنى ئاببباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز.

«سىلەر ئەھلى كىتاپتىن نىمىشقىمۇ سۇئال سورايسىلەر! ھالبۇكى رەسۇلۇللاھقا چۈشۈرۈلگەن، سىلەرنىڭ ئوقۇپ تۇرۇۋاتقان قۇرئانىڭلارمۇ بىر نەرسە ئارىلاشمىغان ساپ يېڭىدۇر. ئۇ قۇرئان سىلەرگە مەقىقەتەن ئەھلى كىتاپنىڭ، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى ۋە (ئۆزگەرتكەنلىكلىرىدىن) زاڭلىق ئەتكەنلىكىنى، ئاز بىر مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆز قوللىرى بىلەن كىتاپقا (بىر شەيئىلەر يېزىپ)، «بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىندۇر» دېگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. دىققەت قىلىڭلاركى! سىلەرگە

---

[71] Mesela bkz. Buhârî, İ'tisâm 13 (no: 6887); Müslim, Kasâme 39 (no: 1689).

[72] بۇخارى، إعتصام، 22 (6920. نومۇر) مۇسلىم، آداب، 33. باب، (2153-نومۇر).

كەلگەن ئىلىم (ۋەھيى/ سۈننەت) ئۇلاردىن بىر شەيئى سوراشتىن چەكلەيدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىز ئۇلاردىن بىرىنىڭ سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كېلىپ سىلەرگە چۈشۈرۈلگەن شەيئىلەر ھەققىدە بىر نەرسە سورىغانلىقىنى كۆرمىدۇق!».[73]

ئۆرنەكلەردىن ئۇچۇقچە كۆرۈلگىنىگە ئاساسەن ئىبنى ئابباس، جەمىيەت ئىچىدە كەڭ بىر شەكىلدە كۆرگەن ۋە خاتا ئىكەنلىكىنى ئويلىغان، خىرىستىئان ۋە يەھۇدىلارنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ ئۇلار بىلەن يېقىن ئالاقە ساقلىشىنى روشەن بىر شەكىلدە تەنقىد قىلغان. شۈبھىسىز ئۇنىڭ بۇ تەنقىدى باشقا دىن مەنسۇپلىرىنىڭ مۇقەددەس سانىغان كىتاپلارغا ئاددى خەلق تەبىقىسى تەرىپىدىن ئىلىك ئالغانلىقىغا قارىتا بولسا كېرەك. بولمىسا قۇرئان توغرىسىدا چوڭقۇر بىلىمگە ۋە ئاساسقا ئىگە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياج ھالىتىدە ئۇ كىتاپلارنى تەتقىق قىلىشىدا بىر چاتاق يوق كەبى، ئەينى زاماندا «ئەھلى كىتاپ بىلەن ئەڭ گۈزەل شەكىلدە مۇنازىرە»[74] قىلىنىشى ئۈچۈن بۇ كېرەكلىك شەيئىدۇر. پەقەت ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرىغا بولغان ۋە باشقا كىتاپلارغا ئېھتىياج قويماي قويمىغان قۇرئان-كەرىمنى مەركەز قىلىشى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇشتا بولغانلىقىغا ئوخشاش تەبىئى بىر شەيئى بولماس. ئەمدى قانائىتىمىزچە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ تەنقىدلىرى بۇ ئېپىچۆرىدە چۈشۈنۈلىشى كېرەكلىك خۇسۇسىيەتلەردىن بىرىدۇر.

ساھابىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەنقىد ئېڭى ۋە ۋەقەلەرگە تەنقىدى قاراشىنى كۆرسەتكەن تېخىمۇ كۆپ ئۆرنەكلەرنى كۆرسىتەلىشىمىز مۇمكىن.[75] لېكىن بۇ يەرگە قەدەر بەرگەن ئۆرنەكلىرىمىز، مەقسىتىمىزنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىكتۇر. بۇ ئۆرنەكلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا ۋە كۆرسىتىشكە تىرىشقان خۇسۇسىيەت؛ تەنقىدىي قاراش نۇقتىسىنىڭ تېئولوگىيەلىك[76] مەنبەلىرىنىڭ، ئەڭ باشتا قۇرئان-كەرىم ۋە سۈننەت ئىكەنلىكى، ئۇندىن كېيىن ساھابىلەرنىڭ پوزىتسىيەلىرىدە ئاشكارىلىغان كۆپ ساندىكى ئۆرنەكلەر بىلەن ئادەتتە تەنقىدىي چۈشەنچە دەرسى بەرگەن ئىش-ھەرىكەتلىرىدۇر.

---

[73] Mesela bkz. Buhârî, İ‘tisâm 25 (no: 6929), Şehâdât 29 (no: 2539), Tevhid 42 (no: 7084, 7085).

[74] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 29 /46. ئايەت.

[75] بۇ جۈملىدىن ھىساپلىساق، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس رىۋايەت ئەتكەن كىشىنى قەسەم قىلدۇرىشىنى (رامھۇرمۇزى، ئەلمۇقەددىسۇل-فاسىل 518. بەت. (652. نومۇر)؛ ھاكىم، معرفة علوم الحديث، 15.بەت. تېخىمۇ كۆپ مىساللار ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەنبە كىتاپلارغا قاراڭ؛

Hz. Âişe’nin, yeğeni Urve’yi göndererek rivayet ettiği bir hadis konusundaki hafızasını denemek maksadıyla, Abdullah b. Amr’ı iki ayrı hacda test/tenkit etmesini (Buhârî, İ‘tisâm 7 (no: 6877)); yine Âişe’nin, Hz. Ömer ve Abdullah b. Ömer, ölüye, ailesinin arkasından ağlaması yüzünden azap edildiğine dair bir hadis nakledince bunun Kur’an’a aykırı olduğunu, zira orada bir kişinin işlediği günahtan ötürü diğer bir kişinin sorumlu tutulmayacağının bildirildiğini (el-En‘âm 6/164) hatırlatmasını (Müslim, Cenâiz 9 (no: 23 (929)) zikredebiliriz. Hz. Âişe’nin bir kısım sahabeye yönelttiği kimi eleştiri noktalarını Zerkeşî’nin (ö. 794/1392) bir kitapta topladığından da daha önce bahsetmiştik.

[76] تېئولوگىيە- ئەسلىدە ئىنگلىسچە Theology سۆزىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرىپ قالغان بولۇپ، يېڭى زاماندىكى كۆپىنچە توردىكى خەۋەر، ماقالە ۋە بەزى كىتاپلاردا تېئولوگىيە ئىلمى دەپ قايسى دىن بولسۇن، دىنى (ئىلاھىيات) ئىلملىرنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە، ئەرەپچىدە «علم اللاهوت» دەپ، تەرجىمە قىلىنغان، تۈرىكچىدىمۇ كەڭ دائىرىدە قوللىنىلماقتا، بۇ سۆز، ماقالىنىڭ ئەسلىسىدىكى «**ھەدىس ئۇسۇلىدا راۋى ۋە رىجال تەنقىدىنىڭ تېئولوگىيەلىك ئاساسلىرى - Hadis Usulünde Râvi ve Rical Tenkidinin Teolojik Temelleri**» دېگەن ماۋزۇسى بىلەن بىللە تۆت يەردە قوللىنىلغان، ماقالىمىزنىڭ مۇھەررىرى ۋە ئۇيغۇر ئۆلىمالارنىڭ دىنغا مۇناسىۋەتلىك تىلىمىزغا سوقۇلغان بۇنداق سۆزلەرگە قارىتا ئېھتىياتچان ۋە سەزگۈرلىكى سەۋەبى ئۇنىڭ ئورنىغا «دىنىي» دېگەن سۆز قوللىنىلدى.

ساھابىدىن كېيىن بۇ تەنقىد ئېڭىنىڭ قانچىلىك ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىنىشى مۇمكىن ئەمما، ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۈنىمىزدىكى پارچىلانغان ۋە ئارقىدا قالغان ھالىنى كۆرۈپ بۇ تىمىدا بەكمۇ ياخشى ھالەتتە ئىكەنلىكىمىزنى سۆزلىيەلىشىمىز مۇمكىن كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. ئالىيە ئىززەت بېگوۋىچنىڭ بۇ مەنىدە مۇشۇ تەكلىۋى بەكمۇ ئۇيغۇن كۆرۈنمەكتە: «مەن بولسام شەرقتىكى پۈتۈن مۇسۇلمان مەكتەپلىرىگە تەنقىدىي چۈشۈنچە» دەرسلىرىنى قويار ئىدىم. غەربنىڭ ئەكسىچە شەرق بۇ رەھىمسىز مەكتەپتىن ئۆتمىگەن ۋە بۇ بىرمۇنچە ئاجىزلىقنىڭ مەنبەسىدۇر.[77] ئاساسەن ئالىيادىن بۇرۇن نۇرىددىن توپچىمۇ ئوخشاش تەكلىپلەردە بولغان.[78] بۇ يەردە كونا دەپتەرلەرنى تەكرار ئېچىپ ئىختىلاپ نۇقتىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىش ئەمەس؛ بىزنىڭ تونۇۋالغان ھەل قىلىش يولىنىڭمۇ، تارىخى يىلتىزلىرىنىڭ قۇرئان، سۈننەت ۋە مەنەپى-ماتۇرىدىي سىزىقىنىڭ تەمسىل قىلىپ كەلگەن ئەھلى رەئيىنىڭ تەنقىد ئېڭىدىن، تەنقىدىي قاراش نۇقتىسىدىن ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

ئىسلامنىڭ ئىچىدە بولغان تەنقىد ئىشىنىڭ مەدىس تارىخىدا راۋىي ۋە رىجال تەنقىدى بولۇپ ئۆزىنى كۆرسەتكەنلىكىگە؛ جەرىھ – تەئدىل ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبى بولغان ئۇشبۇ رىجال تەنقىدىنىڭمۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئەي ئىمان ئېيتقانلار! بىر پاسىق سىزگە خەۋەر ئېلىپ كەلسە ئۇنى تەكشۈرۈڭلار!»[79] بۇيرۇقىنىڭ بىر تەقەززاسى بولۇپ ئىجرا قىلىنغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان ئىدۇق. سۆز تېمىسى بولغان ئايەت-كەرىم بولسا، ھەم خەۋەر ئېلىپ كەلگەن راۋىينىڭ ھەمدە ئېلىپ كېلىنگەن «خەۋەرنىڭ» مەزمۇنىنىڭ تەكشۈرىلىشىنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرمەكتە. بىز بولساق بۇ قىسقا ماقالىمىزدە تەتقىق قىلىنىشى كېرەكلىك بولغان ئىككى شەيئىنىڭ بىرىنى تەشكىل قىلغان «راۋىي» ئۈستىدە توختىلىشقا تىرىشتۇق.

**د. نەتىجە**

بۇ ماقالىمىزدە تۈركچىدە «Eleştiri - ئەلەشتىرى» كەلىمىسى بىلەن مەنىداش بولۇپ قوللىنىلغان ۋە كۆپىنچە ۋاقىتتا بىر سەلبىيلىككە ئىشارەت قىلغانلىكى چۈشىنىلىسىمۇ، ئەسلىدە كەلىمىنىڭ يىلتىزىنى ئېتىبارغا ئالغاندا ھەم ئىجابىي ھەمدە سەلبىي باھا بېرىش مەنىسىگە كەلگەن «تەنقىد» كەلىمىسىنىڭ ھەدىس ئۇسۇلىدىكى مەنىدىشى بولغان «رىجال تەنقىدى» ماۋزۇسىنىڭ دىني ئاساسلىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتۇق. نەتىجىدە كۆردۇقكى، ئىسلام جەمئىيىتى تەنقىد ئېڭى بىلەن دەسلەپكى بىر دەۋىردىلا تونۇشقان؛ بولۇپمۇ ئۇلۇغ ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەنقىدىي قارىشىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى سۇنغاچ، ئادەتتە بۇنىڭ دەرسىنى دېگىدەك بەرگەن. چۈنكى مەيلى ئايەتلەردە بولسۇن مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس ۋە سۈننەتلىرىدە بولسۇن، پات-پات كۆپلىگەن ماۋزۇنىڭ تەنقىدىي تەرىزدە قەلەمگە ئېلىنغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقتۇق. ھەتتا زامان-زامان ئاللاھ تەرىپىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ياكى ساھابىلەرنىڭ بەزى ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭمۇ

[77] ئىززەت بېگوۋىچنىڭ, *Özgürlüğe Kaçışım-Zindandan Notlar*, 130- بەت.
[78] Bkz. Topçu, *Yarınki Türkiye*, s. 54-55. Topçu ve İzzetbegoviç’ten naklettiğimiz bu değerlendirmelere dikkatimizi çeken sayın Prof. Dr. İbrahim Maraş’a teşekkür ediyoruz.
[79] ھۇجۇرات سۈرىسى، 49/6.

تەنقىدتىن قۇتۇلالمىغانلىقىغا شاھىد بولدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قايناقلاردا كۆرگىنىمىز تەنقىد ئۆرنەكلىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ قۇتلۇق ئەلچىسىنىڭ دائىم بۇ تەنقىدلىرى ھەق ۋە ئادالەت زېمىنىدا كونتېرتىپكە ئېلىپ كېلىنگەنلىكى يەنى ھەققانىيەتتىن ئايرىلمىغانلىقىمۇ دىققەت تارتماقتا. شۇنداق، ئۇلۇغ ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پات- پات تەنقىدكە ماۋزۇ بولغان پوزىتسىيەلىرى سەۋەبى بىلەن مۇشرىكلارنى، كاپىرلارنى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنى تەنقىد قىلغان پەقەت بۇ تەنقىد نۇقتىلىرىنىڭ ھېچبىرى مەنبەسى گۈزەل تەرىزدە كونتېرتىپكە ئېلىپ كېلىنمىگەن؛ دەل ئەكسىچە بەك چىرايلىق بىر شەكىلدە سەۋەپ كۆرسىتىلگەندۇر.

ئاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا ساھابىنىڭ ئۆز ئىچىدە بۇ تەنقىد ئېڭىنى ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە ئىشلەتكەنلىكى چۈشىنىلمەكتە. ھەدىس تارىخىدا بولۇپمۇ ھىجرى بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن مەيدانغا چىقىشقا باشلىغان پىتنىلەردىن كېيىنكى ھەدىس رىۋايەتلىرىدە قوللىنىلىشى بىر مەجبۇرىيەت تۈسىنى ئالغان سەنەد- ئىسناد قوللىنىش ۋاستىسى بىلەن رىجال تەنقىدى كونتېرتىپكە كەلگەن. قاراپ باقساق ھەدىس ئىلمى بىلەن باشلانغان بۇ رىجال تەنقىدى، جەرىھ -تەئدىل ئىلمى شەكلىدە ئۆزىنى كۆرسەتكەن ۋە ساھابە سىرتىدا رەسۇلۇللاھتىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ھېچبىر ئىنسان بۇ تەنقىدتىن قۇتۇلالمىغان. ساھابىلەر بولسا بىر- بىرلىرى تەرىپىدىن ئادالەت يۈنىلىشىدىن تەنقىد قىلىنمىسىمۇ زەبتى جەھەتىدىن تەنقىدكە ئۇچرىغان. ھەدىس تارىخىدا كۆرۈلگەن بۇ تەنقىد پائالىيىتىنىڭ تارىخ بويىچە بىر ئوخشىشىنى كۆرۈش ياكى كۆرسىتىپ بېقىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

گەپنىڭ يىغىندىسى، تارىختا بەك گۈزەل بىر رەۋىشتە ئىشلىتىلگەن تەنقىد ئېڭىغا كۈنىمىز مۇسۇلمانلىرى سۈپىتىدە بىزلەرمۇ ئۆتكەن ھەر زاماندىن تېخىمۇ بەك مۇھتاجمىز. مۇسۇلمان ئىلىم دۇنياسىنى تەكرار بۇرۇنقى شاھانە زامانلىرىغا ئوخشاش ھەيۋەتلىكىگە يۈكسەلتىدىغان ئەسلى روھىنىڭ، بۇ تەنقىدىي قاراش نۇقتىسىدىن ئۆتكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تارىختا تېخىمۇ بەك ئەھلى رەئيى تەرىپىدىن تەمسىل قىلىنغان ھەم مەتىنلەرگە ھەمدە ئەقىلگە كېرەكلىك ئەھمىيەت بەرگەن سىزىقلىرىنىڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلايمىز.[80]

---

[80] بۇ ماقالە چۇكوروۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيات فاكۇلتېتىنىڭ ژورنىلىنىڭ 2020-يىلى 12-ئاينىڭ 25- كۈنى 20- توم، ئىككىنچى سانىغا بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

## ئی. مەنبەلەر


Abdurrezzak Ebû Bekr b. Hemmâm es-San‘ânî, *Tefsîru’l-Kur’ân,* thk. Mustafa Müslim Mu-hammed, I-II, Mektebetü’r-Rüşd, Riyad 1410.

Abdurrezzak, Ebû Bekr b. Hemmâm es-San‘ânî, *Musannef*, thk. Habîbürrahman el-A‘zamî, I-X, el-Meclisü’l-İlmî Beyrut 1392/1972.

Ağırman, Cemal, “Müksirûn”, *DİA,* İstanbul 2006, XXXI, 534.

Ahmed b. Hanbel, Ebû Abdillah eş-Şeybânî, *Müsned,* thk. Şu‘ayb el-Arnaût, I-XL, Müesse-setü’r-Risâle, Beyrut 1420/1999.

Algül, Hüseyin, “Emîn”, *Diyanet İslam Ansiklopedisi (DİA),* İstanbul 1995, XI, 111.

Âlu Humeyd, Sa‘d b. Abdullah, *Şerhu Nuhbeti’l-fiker,* Dâru Ulûmi’s-Sünne, yy., 1419.

Âşık, Nevzat, *Sahabe ve Hadis Rivayeti (Tahammül, Nakil ve Tenkidleri),* Akyol Neşriyat, İzmir 1981.

Aynî, Bedreddin Ebû Muhammed Mahmud b. Ahmed, *Umdetü’l-kârî şerhu Sahîhi’l-Buhârî,* I,XXV, Dâru İhyâi’t-Türâsi’l-Arabî, Beyrut ts.

Bâhilî, Ebû Nasr Ahmed b. Hâtim, *Dîvânü Zî'r-Rumme şerhu Ebî Nasr el-Bâhilî rivâyetü Sa'leb,* thk. Abdülkuddûs Ebû Salih, I-III, Müessesetü'l-Îmân, Cidde 1982/1402.

Beyhakî, Ebû Bekr Ahmed b. el-Huseyn, *el-Esmâ ve's-sıfât,* thk. Abdullah b. Muhammed el-Hâşidî, Mektebetü's-sevâdî, I-II, Cidde ts.



Buhârî, Ebû Abdillah Muhammed b. İsmail, *Sahîhu'l-Buhârî,* thk. Mustafâ Dîb el-Buğâ, I-VII, Dâru İbn Kesîr-Yemâme, Beyrut 1993.

Çağrıcı, Mustafa, "Fitne", *DİA,* XIII, ss. 156-159, İstanbul 1996.

Çeker, Huzeyfe, "Hanefi Mezhebinin Fıkıh Silsileleri", *İslam Hukuku Araştırmaları Dergisi*, sy. 19, 2012, ss. 163-201, s. 164.

Cezâirî, Tahir, *Tevcîhü'n-nazar ilâ usûli'l-eser,* thk. Abdülfettah Ebû Gudde, I-II, Mektebü'l-matbûât el-İslâmiyye, Halep 1416/1995.

Dârimî, Abdullah b. Abdirrahman, *Sünen (Müsnedü'd-Dârimî),* thk. Huseyn Selim Esed ed-Dârânî, I-IV, Dâru'l-Muğnî, Riyad 2000.

Ebû Dâvud, Süleyman b. el-Eş'as es-Sicistânî, *Sünenü Ebî Dâvûd,* thk. Şu'ayb el-Arnaût-Mu-hammed Kâmil Karabelli, I-VII, Dâru'r-Risâleti'l-Âlemiyye, Dımaşk 2009.

Ebû Yusuf, Ya'kub b. İbrahim el-Ensârî, *Kitâbü'l-âsâr*, thk. Ebü'l-Vefâ, Dâru'l-Kütübi'l-İl-miyye, Beyrut 1355.

Er, Rahmi, "Tenkit", *DİA,* XL, ss. 458-461, İstanbul 2011.

Erul, Bünyamin, "Sahabe Döneminde "Tekzib" Olgusu ve Tekzibin Mahiyeti: Rivayetlerdeki Tekzîb İfadelerinin Anlamı Üzerine Bir İnceleme", *Ankara Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi*, 1999, cilt: XXXIX, ss. 455-489.

Erul, Bünyamin, *Sahabenin Sünnet Anlayışı,* Türkiye Diyanet Vakfı Yayınları, Ankara 1999.

Erul, Bünyamin, "Cehâletu'r-Râvî" Açısından Sahâbînin Durumu", *İslâm Medeniyetinin Ku-rucu Nesli Sahâbe: Sahâbe Kimliği ve Algısı, Tebliğ ve Müzâkereler, Tartışmalı İlmî Top-lantı, 27-28 Nisan 2013*, 2013, ss. 167-184.

Esen, Muammer, “Peygamberlik (Nübüvvet) ve Peygamberler”, *Mâtürîdî’nin Düşünce Dünyası,* Ed. Şaban Ali Düzgün, Kültür ve Turizm Bakanlığı, Ankara 2011, ss. 84-99.

Evgin, Abdulkadir, “Hadis’e Dayalı Bazı Problemlerin Günümüze Yansımaları”, *Dinî Araştır-malar*, 2002, cilt: V, sayı: 13, ss. 177-186

Eyüpoğlu, Osman - Kurt, Niyazi, “İtaat Kavramının Gerekçeleri Açısından Kur’an’ın Eleştirel Düşünceye Bakışı”, *Çukurova Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi*, Yıl: 2019 Cilt: 19 Sayı:2, ss. 347-378.

Hâkim, Ebû Abdillah Muhammed b. Abdillah en-Neysâbûrî, *Ma‘rifetü ulûmi’l-hadîs*, Dâru’l-Kütübi’l-İlmiyye, Beyrut 1397/1977.

Halife b. Hayyât, Ebû Ömer el-Leysî el-Usfurî, *Târîhu Halife b. Hayyât,* thk Ekrem Ziya el-Umerî, Dâru’l-Kalem-Müessesetü’r-Risâle, Beyrut 1397.

Hatîb, Ebû Bekr Ahmed b. Ali el-Bağdâdî, *el-Câmi‘u li ahlâki’r-râvî ve âdâbi’s-sâmi‘,* thrc.-tlk., Ebû Abdirrahman Salah b. Muhammed, Dâru’l-Kütübi’l-İlmiyye, Beytur 1417/1996.

Humeydî, Ebû Bekir Abdullah b. ez-Zübeyr el-Mekkî, *Müsned,* thk. Habiburrahman el-A‘zamî, I-II, Beyrut-Kahire ts.

İbn Battâl, Ebü’l-Hasen Ali b. Halef b. Abdilmelik el-Kurtubî, *Şerhu Sahîhi’l-Buhârî,* thk. Ebû Temîm Yasir b. İbrahim, I-X, Mektebetü’r-Rüşd, Riyad 1423/2003.

İbn Ebî Şeybe, Ebû Bekir b. Abdillah el-Kûfî, *Kitâbu’l-musannef fîl-ehâdîs ve’l-âsâr,* I-VII, Ri-yad 1409.

İbn Ebi’d-Dünya, Ebû Bekr Abdullah b. Muhammed, *Sıfatü’n-nâr,* thk. Muhammed Hayri Ra-mazan Yusuf, Dâru İbn Hazm, Beyrut 1997.



İbn Ebî’l-Avvâm, Ebü’l-Kâsım Abdullah b. Muhammed es-Sa‘dî, *Fedâilü Ebî Hanîfe ve ahbâruhû ve menâkıbuhû,* thk. Latifurrahman el-Behrâicî, el-Mektebetü’l-İmdâdiyye, Mekke 1431/2010.

İbn Hacer, Ebü’l-Fadl Ahmed b. Ali el-Askalânî, *Fethu’l-bârî şerhu Sahîhi’l-Buhârî,* I-XIII, Dâru’l-Ma‘rife, yy. 1379.

İbn Hazm, Ebû Muhammed Ali b. Ahmed b. Sa‘îd b. Hazm el-Endelüsî el-Kurtubî, *el-Muhallâ,* I-XI, İdâretü't-Tıbâ‘ati'l-Münîriyye, Mısır 1348.

İbn Hişam, Abdülmelik b. Eyyub el-Hımyerî, *es-Sîretü'n-Nebeviyye,* thk. Taha Abdurrauf Sa‘d, I-VI, Dâru'l-Cîl, Beyrut 1411.

İbn Kesîr, Ebü'l-Fidâ İsmail b. Ömer b. Kesîr ed-Dımeşkî, *Tefsîru'l-Kur'âni'l-azîm,* thk. Sami b. Muhammed Selâme, I-VIII, Dâru Taybe li'n-Neşr ve't-Tevzî‘, 1420/1999.

İbn Mâce, Ebû Abdillah Muhammed b. Yezîd el-Kazvînî, *Sünen,* thk. Muhammed Fuâd Abdül-bâkî, I-II, Dâru İhyâi'l-Kütübi'l-‘Arabiyye, Kahire ts.

İbn Manzûr, Muhammed b. Mükerrem, *Lisânü'l-Arab,* I-XV, Dâru Sâdır, Beyrut ts.

İbn Receb, Zeynüddin Ebü'l-Ferec Abdurrahman b. Şihab, *Fethu'l-bârî,* thk. Ebû Muaz Tarık b. Ivazullah, I-VI, Dâru İbni'l-Cevzî, Dimam 1422.

İbnü's-Salah, Ebû Amr Osman b. Abdirrahman, *Mukaddime-Ulûmu'l-hadîs,* thk. Abdullatif el-Hümeym- Mahir Yasin el-Fahl, Dâru'l-Kütübi'l-İlmiyye, Beyrut 1423/2002.

İbnü's-Sâ‘âtî, Muzafferuddin Ahmed b. Ali, *Mecma‘u'l-bahreyn ve mülteka'l-neyyirayn,* I-II, 1423/2003.

İbrahim Mustafa, Ahmed Hasan Zeyyat vd., *el-Mu‘cemü'l-vasît,* I-II, Dâru'd-Da‘ve, ts., y.y.

İmam Muhammed, Ebû Abdillah b. Hasen eş-Şeybânî, *Kitâbü'l-Asl,* I-XII, thk. Muhammed Boynukalın, Dâru İbn Hazm, Beyrut 1433/2012.

İzzetbegoviç, Aliya, *Özgürlüğe Kaçışım-Zindandan Notlar,* çev. Hasan Tuncay Başoğlu, Klasik Yayınları, İstanbul 2015.

Karadaş, Cağfer, "Semerkand Hanefî Kelam Okulu Mâtürîdîlik -Oluşum Zemini ve Gelişim Süreci", *Usûl- İslam Araştırmaları,* Sayı: 6, Temmuz-Aralık 2006, ss. 57-100.

Karahan, Abdullah, "İbn Hazm'ın Râvi Tenkidinde Eleştirilen Yönlerinin Onun Tenkitçi Kim-liğine Etkisi- el-Muhallâ Çerçevesinde Değerlendirme -", *Uludağ Üniversitesi İlahiyat Fa-kültesi Dergisi,* Cilt: 16, Sayı: 1, 2007, ss. 121-152.

Keskin, Yusuf Ziya, "İbn Ebî Hâtim (v. 327/938) ve el-Cerh ve't-ta‘dil'indeki Metodu", *Harran İlahiyat Fakültesi Dergisi,* 2001, cilt: VII, sayı: 1, ss. 5-29.

Kurtubî, Ebû Abdillah Muhammed b. Ahmed, *el-Câmi‘u li ahkâmi'l-Kur'ân,* thk. Ahmed el-Berdûnî, I-XX, Dâru'l-Kütübi'l-Mısriyye, Kahire 1384/1964.

Kuşeyrî, Abdülkerim b. Hevâzin b. Abdilmelik, *er-Risâletü'l-Kuşeyriyye,* thk. Abdülhalim Mah-mud-Mahmud b. eş-Şerif, I-II, Dâru'l-Me‘ârif, Kahire ts.

Kuzudişli, Bekir, "Men Kezebe Aleyy..." Hadisi ve Lâfzen Mütevâtir Meselesi, *Marife: Dini Araş-tırmalar Dergisi*, 2007, cilt: VII, sayı: 1, ss. 137-166.

Muhammed b. Abdirrahman el-Humeys, *eş-Şerhu'l-müyesser ale'l-fıkheyni'l-Ebsat ve'l-Ekber el-Mensûbeyn li Ebî Hanîfe,* Mektebetü'l-Furkân, el-İmârâtü'l-Arabiyye 1419/1999.

Münâvî, Abdurrauf Zeynüddin b. Muhammed, *el-Yevâkît ve'd-dürer fî şerhi Nuhbeti İbn Hacer,* thk. el-Murtazî ez-Zeyn Ahmed, Mektebetü'r-Rüşd, I-II, Riyad 1999.

Müslim, Ebü'l-Huseyn Müslim b. el-Haccâc en-Neysâbûrî, *Sahîhu Müslim*, nşr. Muhammed Fuâd Abdülbâkî, I-V, Dâru İhyâi'l-Kütübi'l-Arabiyye, Kahire 1412/1991.



Naim, Ahmed, *Sahih-i Buhari Muhtasarı-Tecrîd-i Sarih Tercemesi ve Şerhi,* Sekizinci Baskı, Di-yanet İşleri Başkanlığı Yayınları, Ankara 1984.

Nesâî, Ebû Abdirrahman Ahmed b. Şu‘ayb, *Sünen*, nşr. Abdülfettâh Ebû Gudde, I-IX, Mek-tebü'l-Matbû‘âti'l-İslâmiyye, Halep ts.

Nevevî, Ebû Zekeriyya Muhyiddin Yahya b. Şeref, *et-Takrîb ve't-teysîr li ma‘rifeti süneni'l-beşîri'n-nezîr fî usûli'l-hadîs,* thk. Muhammed Osman el-Huşt, Dâru'l-Kitâbi'l-Arabî, Beyrut 1405/1985.

Râmhürmüzî, el-Kâdî Hasen b. Abdirrahman, *el-Muhaddisü'l-fâsıl beyne'r-râvî ve'l-vâ‘î,* thk. Muhammed Acâc el-Hatîb, Dârü'l-Fikr, Birinci baskı, Beyrut 1391/1971.

Süfyan es-Sevrî, Ebû Abdillah b. Sa‘îd b. Mesrûk, *Tefsîr,* Dâru'l-Kütübi'l-İlmiyye, Beyrut 1403.

Şâfi‘î, Ebû Abdillah Muhammed b. İdris, *el-Ümm,* I-VIII, Dâru'l-Ma‘rife, Beyrut 1393.

Taberî, Ebû Ca‘fer Muhammed b. Cerîr, *Câmi‘u'l-beyân fî tefsîri'l-Kur'ân,* thk. Ahmed Muham-med Şakir, I-XXIV, Müessesetü'r-Risâle, Beyrut 1420/2000.

Tatlı, Bekir, *Mimari Hadisleri*, Türkiye Diyanet Vakfı Yayınları, Ankara 2012.

Tirmizî, Ebû Îsâ Muhammed b. Îsâ, *Sünenü't-Tirmizî*, thk. İbrahim Atve İvaz, I-V, Şirketü Mek-tebeti ve Matba'ati Mustafâ el-Bâbî, Kahire 1395/1975.

Topçu, Nurettin, *Yarınki Türkiye*, Dergâh Yayınları, İstanbul 1999.

Tsiligkir, Chamnti (Hamdi Çilingir), "Hanefilere Göre Haberin Kıyasa Aykırı Olması Duru-munda Râvinin Fakih Olma Şartı", *Sakarya Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi,* sayı: 21 (2010/1), ss. 69-83.

Üzüm, İlyas, "Rec'at", *DİA,* XXXIV, ss. 504-506.

Vâkıdî, Ebû Abdillah Muhammed b. Ömer, *Kitâbü'l-Meğâzî,* thk. Marsden Johns, I-III, Âlemü'l-Kütüb, Beyrut, ts.

Yücel, Ahmet, "Sika", *DİA,* İstanbul 2009, XXXVII, ss. 175-176.

Yücel, Ahmet, *Hadis Usulü,* MÜİF Yay., 2. Baskı, İstanbul 2011.

Zebîdî, Ebü'l-Feyz Murtaza Muhammed b. Muhammed, *Tâcü'l-arûs min cevâhiri'l-Kâmûs,* I-XL, Dâru'l-Hidâye, ts.

Zerkeşî, Ebû Abdillah Bedreddin Muhammed b. Bahadır b. Abdillah, *el-İcabe li-îradi ma isted-rekethu Aişe ale's-sahabe*, thk. M. Bünyamin Erul, Müessesetü'r-Risale, Beyrut 2004/1425.

Zerkeşî, Ebû Abdillah Bedreddin Muhammed b. Bahadır b. Abdillah, *Hz. Aişe'nin Sahabeye Yöneltti̇ği Eleştiriler,* çev. düz. Bünyamin Erul, 2. bs. Kitabiyat Yayınları, Ankara 2002.

Zürkânî, Muhammed b. Abdilbâkî b. Yusuf, *Şerhu'z-Zürkânî alâ Muvattai İmam Mâlik,* I-IV, Dâru'l-Kütübi'l-İlmiyye, Beyrut 1411.